مەتسەئىدى مەتقاسىم



# ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مەتسەئىدى مەتقاسىم 1968 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان.

ئۇ «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا 133 پارچە شېئىر ئېلان قىلغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان. «مەن قۇم دېڭىزى بالىسى» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 17 پارچە شېئىرى خەنزۇ تىلىغا،



# ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

维吾尔达瓦孜艺术 / 买色迪编。－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004．4
ISBN 7－228－08703－8

I. 维… II.买… III.维吾尔族－走索－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. J828

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 031189 号

责任编辑：祖来哈．艾则孜
责任校对：木尼拉
封面设计：铁然设计中心

维吾尔达瓦孜艺术（维吾尔文）

买色迪·买提哈斯木 编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆新华书店发行
新疆铁然商贸有限公司设计中心排版
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 5.75 印张 2 插页
2004 年 4 月第 1 版 2004 年 4 月第一次印刷
印数：1 — 5000

ISBN 7－228－08703－8 定价:10.00



هاشىم ھاجى



مۇسا ھەبىبۇللا



سىدىق ھاجى



ھوشۇر مۇسا



نۇرى هاشىم



يۇسۇپجان مۇسا




ئابدۇسەمەت ھەسەن



ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى



ئەسقەر ئوبۇلقاسىم قوللىغۇچىسى بىلەن بىللە



غوجىئابدۇللا روزى



ئاينۇر ھەسەن (سولدىكى)

مەرھۇم مېھرىگۈل يۇنۇس (ئوڭدىكى)



ئىككى يېرىم ياشلىق دارۋاز-ئادىل ياسىن



3 ياشلىق دارۋاز-ئابلىزجان



مەتتۇرسۇن مىجىت



مەتتوختى مىجىت



مەتتۇرسۇن مىجىت



ئاينۇر مىجىت






































民族雄鹰 祖国骄子
赛福鼎·艾则孜
مىللەت شۇڭقارى ۋەتەن ئوغلانى
为阿迪力·吾守尔高空走钢丝创新世界吉尼斯纪录而题
2000.10.26

# ئاپتوردىن

قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا دۇردانىلىرىگە باي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، «مۇقام يۇرتى»، «يىپەك يولى» دېگەندەك ناملار بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، يەنە «دارۋازلار ماكانى» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر.

شىنجاڭ دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدا دارۋازلىق ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ھەم كەڭ ئومۇملىشىپ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان جاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ دارۋازلىق ئىشلىرىدا ئۆرنەك خاراكتېرلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى بۈگۈنكى ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تونۇتۇش ئىشىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ــ شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بۇ بۈيۈك ھەم جاپالىق ئىلمىي ئەمگەككە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئائىت بۇ تۇنجى كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

دارۋازلىققا دائىر تارىخىي پاكىتلارنى توپلاش جەريانىدا، يېڭىسار ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ۋە كېرىيە ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، دارۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى، مۇخبىرلار زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

هۇشۇر دارۋازىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر خەلق دارۋاز ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ھەسەنجان هۇشۇر ئۆزى ساقلاپ كەلگەن دارۋاز جەمەتىنىڭ 434 يىللىق تارىخىغا ئائىت قولىيازما بىلەن تەمىنلەنگەندىن سىرت، يەنە بەزى قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى مىجىت ساۋۇت ئۆزى تەتقىق قىلغان ۋە يازغان دارۋازلىق توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ھەم قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى.

تىلشۇناس، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن هاجى ئەپەندى، «پەلەك شاھى» ئادىل هۇشۇر، يازغۇچى، شائىر باتۇر روزى، پېشقەدەم دارۋاز سىدىق هاجى، ئادىل هۇشۇرنىڭ تاغىسى قۇربانىياز مۇسا، تارىخچى مەتىمىن ئوسمان قاتارلىق زاتلار قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئالىم خالىدىن، غەيرەت مەتىمىن، ئۆمەرجان ئىمىن، ھەسەنجان هۇشۇر، ئىلىجان ئىسمائىل، شۇنداقلا بىر قىسىم دارۋازلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سۈرەت بىلەن تەمىنلىدى.

كېرىيە ناهىيىسىنىڭ هاكىمى مەتسەئىدى خۇدابەردى، مۇئاۋىن هاكىمى گو جىشىنلار بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى يېقىندىن قوللاپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ كىتاب كوللېكتىپ ئەقىل - پاراستىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مەن بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى يېقىندىن قوللىغان، ياردەمدە بولغان ئۇستازلارغا ۋە دوستلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ كىتابتا بەزى يېتەرسىزلىك ۋە كەم تەرەپلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى، يېتەكلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

## مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب ئۇيغۇر دارۋازلىقى توغرىسىدا**............1
دارۋازلىقنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى............3
دار مەيدانى ۋە دارنىڭ تۈزۈلۈشى ............13
دارۋازلىق ماھارىتى ............17

**ئىككىنچى باب دارۋاز جەمەتىنىڭ نەسەب شەجەرىسى**............26
توختى ھاجىم ............28
روزى ھاجىم ............33
ھەبىبۇللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ دارۋازلىق ھاياتى ............36
مۇسا دارۋاز ............37
ئەمەتخان ............40
مامۇتخان............41
ھۇشۇرئاخۇن دارۋاز ............41
يۈسۈپجان............46
تۇرسۇنىيازئاخۇن ............47
ئەيسائاخۇن ............48
ھۇشۇر مۇسانىڭ دارۋاز ئەۋلادلىرى ............48

**ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى** ............52
ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆمەكنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى ............52

دارۋازلارنىڭ چوڭ پائالىيەتلەرگە قاتنىششى ۋە ئىچكى
ئۆلكىلەرگە يۈزلىنىپ، دۇنيا سەھنىسىگە قەدەم قويۇشى.....55
ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان
ئىزدىنىشلەر ۋە تەتقىقاتلار.........................67

تۆتىنچى باب دارغا باغلانغان رىشتە.........................69
مەشھۇر دارۋاز تەشكىلاتچىسى— ھاشىم ھاجى ۋە ئۇنىڭ
دارۋاز ئەۋلادلىرى..................................69
چىغرىق ئۇستىسى — خارىسجان جېلىل......................74
سېرك ئۇستىسى — ليۇ فۇسىڭ..............................75
ماھىر ئۇستاز، دارۋازلار تەشكىلاتچىسى — زۇنۇن قۇربان ھاجى ...76
دارۋازلارنىڭ يولچىسى — مىجىت ساۋۇت ....................77

بەشىنچى باب پەلەك شاھى — ئادىل ھوشۇر......................81
ئالدىراشلىقتا ئۆتكەن 2003- يىل ..........................110
ۋاڭ لېچۈەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر چەت
ئەلدە ئويۇن قويۇپ قايتىپ كەلگەن «پەلەك شاھى» ئادىل
ھوشۇرنى سەممىي قوبۇل قىلدى.............................114

ئالتىنچى باب تونۇلۇۋاتقان ياش دارۋاز لار .......................118
دۇنيا دارۋازلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى— ئابدۇسەمەت ..118
بوشلۇقتا 34 كۈن ھايات كەچۈرۈش ........................122
كوئېنلون بۈركۈتى — غوجىئابدۇللا روزى ....................124
پەلەك قەھرىمانى— ئەسقەر ئوبۇلقاسىم ......................128

يەتتىنچى باب يېتىلىۋاتقان دارۋاز ۋارىسلىرى..........................130
دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدىكى مۆجىزە— ئۈچ ياشلىق

دارۋازىنىڭ كارامىتى ........................ 131
ئىككى يېرىم ياشلىق دارۋاز—— ئادىل ياسىن ............ 140
پەلەككە يول ئالغان باللار ........................ 143
كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئاكا - ئۇكىلار ............... 150

**سەككىزىنچى باب ساياھەتچىلىكتىكى جەلپكار نۇقتا —— دارۋازلىق ........................ 156**

**پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................ 162**

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇر دارۋازلىقى توغرىسىدا

دارۋازلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۆزگىچە خاسلىققا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېگىز بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان يەنە بىر كاتتا تۆھپىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانماقتا.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «دار — يەرگە تىك ئورنىتىلغان ئېگىز ياغاچقا ئارغامچا ـ ئارقانلار چىڭ تارتىلىپ ياسالغان، دارۋازلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما؛ دارۋاز — دار ئوينىغۇچى، دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكۈچى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئومۇمەن، دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدىغان كىشىلەر دارۋاز دەپ ئاتىلىدۇ. مېخانىكىلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دارۋاز يۇقىرى بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسەتكەندە، ئېغىرلىق مەركىزى ئىككى پۇتىنىڭ تاپىنىغا چۈشىدۇ. تەكپۇكلۇقنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورال — لەڭگەر چوپ، يەنى تەڭشەككە تايىنىلىدۇ. دارۋاز چوقۇم زېھنىي كۈچىنى توغرا كونترول قىلىپ، تەڭشەكنىڭ ياردىمىدە

بەدەننىڭ قىيپاش ھالىتىنى نورمال تەڭشەش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، جەزمەن داردىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. دارۋازلىق جانغا بېرىپ تاقىلىدىغان خەۋپ - خەتىرى چوڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى زور بولغان ئېگىز بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتى بولغاچقا، ئۇ دارۋازلاردىن مەشغۇلات قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلەشنى، ئەمەلىيەت جەھەتتىن جاپالىق مەشىق قىلىپ، مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇشنى، ساغلام پسىخىك ھالەت يارىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى دارۋازلىقنى ئەقىل - پاراسەت ۋە جىسمانىي كۈچ-قۇدرەتنىڭ نامايەندىسى، باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ كەلگەن.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دارۋازلىق سەممىي، ئاق كۆڭۈل، زېرەك، ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەۋپ - خەتەردىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، تەۋەككۈلچىلىككە باي قارام خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇيغۇرلارنىڭ گېپىن ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ئۇيغۇر خەلقى دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس دارۋازلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھرىي كۈچىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلماقتا. دۇنيا دارۋازلىقىنى

## داۋازلىقنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى

ئۇيغۇر داۋازلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىللار ئىلگىرى شامان دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يازما ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشقان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىللار ئىلگىرى ئىنسانلاردا تەبىئەتكە چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي دىنىي ئاڭ شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ توتېم ئېتىقادى، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، ھەتتا ئىلاھقا چوقۇنۇش بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل چوقۇنۇش شەكىللىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان شامان دىنىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغان. شامان دىنىدا «ئاسمان ئۈستۈنكى دۇنيا، ئۇنىڭدا ئىلاھ تۇرىدۇ، يەر يۈزى ئوتتۇرا دۇنيا، ئۇنىڭدا ئىنسانلار تۇرىدۇ، دوزاخ بولسا تۆۋەنكى دۇنيا، ئۇنىڭدا ئالۋاستىلار تۇرىدۇ»، «تەڭرى» ھۆرمەتلىك ئىلاھ دەپ قارالغان. تەڭرىگە چوقۇنۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، تۈرلۈك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ساقلاپ قېلىنغان. باخشىلىق قىلىدىغان شامانلار ئىلاھقا (ئاسمانغا) قاراپ سەكرەش، ئىلاھنى چىللاشقا ئوخشاش پىرىخۇنلۇق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىلاھ روھى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئاپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي دىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايونىغا قەدىمكى

مەۋجۇت بولغان. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار لوپنۇر رايونىدىن قېزىۋالغان بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرىكى «كىرورەن گۈزىلى»نىڭ جەسىتى تېپىلغان قەبرە ئۈستىگە ياغاچ قوزۇقلار بىلەن كۈننىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. يېقىندا چەرچەن ناھىيىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاي شەكىللىك قەبرىلەر بايقالدى. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاي، كۈن، ئاسمان، يۇلتۇز، چاقماق، تاغ، دەرەخ قاتارلىقلارنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق دېگەن: «... ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ. ئۇلار كۆزىگە كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى، ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ تەڭرى دەيدۇ. شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ...». شامان دىنى ئېتىقادى دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشى يۈزەكى بولغاچقا، ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشى خېلىلا ئېغىر ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى پېرىخونلار ۋە قامانلار پال سېلىش، چۈش ئۆرۈش، مۇنەججىملىك، تېبابەتچىلىك مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل سېھىرگەرلىك ئۇسۇللىرى ئارقىلىق «تەڭرى» بىلەن ئالاقىلاشقان. تۈركىيە تارىخچىسى زىيا كۆكئالىپ «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «شامانلىق — سېھىرگەرلىك سىستېمىسىدۇر، شامان كاھىن ۋە سېھىرگەر دېگەنلىكتۇر» دەپ يازغان. «شامان ئېتىقادىدىن قارىغاندا، ئاسماندىكى (تەڭرى) پەرىشتىلەر بىلەن يەر يۈزىدىكى

قامانلار دار باغلاپ ئاسمان (تەڭرى)غا يېقىنلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ «تەڭرى» گە بولغان ھۆرمىتىنى ۋە چوقۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار دارغا چىقىشىنى تەڭرىنىڭ قەسىرىگە چىققانلىق دەپ ھېسابلىغان. «....ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا (كۆك تەڭرىگە) ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەردە ھوسۇل مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ چاغدا دارۋازلار ناغرا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە قىزىل - يېشىل ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇرغان قىل ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ تەڭرىگە ئىنتىلىشتەك روھنى نامايان قىلغان.»

سەل يىراقتا — قارا شېغىل تۈزلەڭدە،
يۈكسەك قىلىپ دار باغلىدى دارۋازلار.
بىر ئويۇنچى قىل ئارغامچا ئۈستىدە،
قىلدى ھەرخىل ماھىرانە پەرۋازلار.

لەپىلدەيتتى قىزىل - يېشىل ئەلەملەر،
ناغرا - دۇمباق تۇرار ئىدى گۈمبۈرلەپ.
ئويۇنچىغا ياغدى خۇشال ئالقىشلار،
ئېگىزلىككە بارغان چاغدا ئۇ ئۆرلەپ.

چۇقان سالار ئىدى پەستە شامانلار،
بۇ ئويۇننى چۈشەندۈرۈپ ھەممىگە.
بۇ ئاسمانغا ئىنتىلىشتىن بىر تىمسال،
گۈزەل روھنىڭ يۈكسىلىشى تەڭرىگە....

قوللىرىدا ئىدى قىزىل كۇلاھلار،
يەلپۈنەتتى مەجنۇنانە چاچلىرى...

دېمەك، شامان دىنى دەۋرىدىكى پىرىخون-قامانلار ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا دارۋازلارنى «ئاسمان تەگرى»گە يېقىن كىشىلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئالاھىدە ئۇلۇغلايدىغان ھەم مۇقەددەس بىلىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «قۇرامشاھ ۋە دارۋازلىق» دېگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «قەدىمكى زاماندا قۇرامشاھ دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زامانىدا دۆلەت قۇدرەت تاپقان بولۇپ، خەلق ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشايدىكەن، پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن غەم-ئەندىشىسى يوق ئىكەن.

بۇ ئەلنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر قاراڭغۇ تاغ بولۇپ، ئۇيەردە جىن - شاياتۇنلار ياشايدىكەن. قۇرامشاھنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ زامانىدا، ئۇلار بۇ ئەلگە دائىم تەھلىكە پەيدا قىلىپ ئارام بەرمەيدىكەن. قۇرامشاھنىڭ چوڭ دادىسى ئۇزۇن يىل قانلىق جەڭ قىلىپ، ئاخىر ئۇ ئالۋاستىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ ۋە تۇۋۋا قىلدۇرۇپ، قايتا پاراكەندىچىلىك قىلماسلىققا تىل خەت ئالغانىكەن. لېكىن، ئالۋاستىلار يەنىلا كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدىكەن. قۇرامشاھنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئۇلار ئۆز ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئەلگە كېچىسى بېسىپ كىرىپتۇ ۋە كىشىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئالتۇن — كۈمۈشلىرىنى

ئېرەن قىلماپتۇ. كېيىنچە بۇ ئىش چوڭىيىپ ئوردا لەشكەرلىرىمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى قۇرامشاھ بىرەر چارە-تەدبىر تېپىلىپ قالار دېگەن ئويدا ئوردىدىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە كۈچى يوق، بىزنىڭ سەرۋاز - لەشكەرلىرىمىز بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشالمايدۇ. ئەمما ئۇلار تولىمۇ ھىيلىگەر. ئۇلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆزىگە قارشى ئادەملەرنى كۆرگەندىن كېيىن قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىپ مال - دۇنيانى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىر چارىسى بار: ئاتا - بوۋىمىز زامانىدا بۇ ئالۋاستىلارنى كەمەك ھەييار دېگەن بىر دارۋاز قوغلىۋەتكەنىكەن. ئۇ كېيىن ئوردىدىكى پىتنىخورلاردىن ئازار يەپ جاڭگالغا كەتكەنىكەن. چوڭ دادام «مۇبادا دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلسە، ئاشۇ كەمەك ھەييارنى ئىزدەڭلار» دەپ تاپىلىغان. بىزنىڭ ئۆيدە كەمەك ھەيياردىن قالغان قىرىق غۇلاچلىق ئارغان، قىرىق غېرىچلىق، ئىككى بىسلىق بىر قىلىچ بار. مەن بۇلارنى ئېلىپ جاڭگالغا بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ باقاي، ئۇ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ ماڭا يېقىنلىشىپ قالسا ھەم ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتنى يېڭىشنى ماقۇل كۆرسە، باشلاپ كېلەي. چۈنكى، چوڭ دادام بىلەن كەمەك ھەييار مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەشكەنىكەن، شۇنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالار،— دەپتۇ. كېڭەش ئەھلى ئوڭ

ھەييارنى تېپىپتۇ. كەمەك ھەييار بۇ چاغدا 400 ياشقا كىرگەن بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، غېرىبلىق، مىسكىنلىك ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمىنى ئېغىر خوراتقانىكەن. ئۇ ۋەزىرنىڭ قەدىناس دوستىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ. ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا بالا - قازا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتداشلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئىستىكى ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋاپتۇ. ئۇ 300 يىل ياشىغان غېرىبانە كۆلبىسىدىن ئايرىلىپ، ۋەزىر ۋە يىگىتلەر بىلەن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ كەمەك ھەييارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئوردىدا بىرنەچچە كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن ئالۋاستىلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى تۈزۈپتۇ. شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ تۈۋرۈكلەرنى قاداپ، قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىككە ئارغامچا تارتىپتۇ. كەمەك ھەييار قىرىق يىگىتنى ئارغامچا ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتالايدىغان قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. يەر ئۈستىدە سەرۋاز - لەشكەرلەر كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە جىنلار ھەر قىرىق كۈندە بىر قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كېلىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار شەھەرگە باستۇرۇپ كەپتۇ. يەر ئۈستىدىكى سەرۋازلار تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىپ، جىنلارنى يەرگە زادىلا دەسسەتمەپتۇ. جىنلار يەرگە دەسسەپ تۇرالمىسا، قىرىق غۇلاچلىق ئاسمان بوشلۇقىغا چىقىپ تۇرۇۋالار ئىكەن. ئۇلار ئاسمانغا چىقىشى ھامان كەمەك ھەييار باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن ئارغامچا بىلەن

تارتىپتۇ. جىنلار پادىشاھى قورقۇپ كېتىپ قىلغان شۇملۇقلىرىغا ئۆكۈنۈپ زار - زار يىغلاپتۇ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ تـوۋا قىپتۇ، بـۇلاپ كەتكـەن مـال - دۇنيـانى قايتـۇرۇپ بېرىـدىغانلىقىنى، بۇ ئەلگـە قايتـا قـەدەم باسمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ئۇنىڭدىن تىلخەت ئېلىپ ئۆز ئېلىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەلدە يەرگە تۇۋرۇك قاداپ، بوشلۇقتا ئارغامچا تارتىپ دارۋازلىق قىلىش ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ.»

بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۇبۇل دارۋازنىڭ جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشقانلىقى» توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىمۇ دارۋازلىققا دائىر قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر بار.

مەملىكىتىمىزنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى بەزى تـارىخىي ماتېرىياللىرىـدا دارۋازلىققـا ئائىـت خاتىرىلـەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر دارۋازلىرى قەدىمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆپ قېتىم ماھـارەت كۆرسـىتىپ، ئىچكىـرى ئۆلكىلـەر بىلـەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە بايانلىرى»، «خەننامە»، «تاڭ بايانلىرى»... قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردا، غەربىي دىيار سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، جۈملىدىن چاڭئەن قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ دارۋازلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار.

دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ تۇرپان، كۇسەن رايونىدا دارۋازلىق سەنئىتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى VIII - VII ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان تۇرپان خارابىلىرىدىن تەگشەك خادىسىنىڭ ئۇچىدا پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ ھەيكەلنى تاپقان. ئېلىمىزدىكى تۆت چوڭ تاش ئۆڭكۈرنىڭ بىرى بولغان باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيدە ئون مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن تام رەسىملىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇ غاردىكى تام رەسىملىرىدە دارۋازلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار.

ملادىيە IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دارۋازلىق سەنئىتىدە دىنىي تۈس بارغانسېرى قويۇقلاشقان. دارۋازنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، دارۋاز قوشىقى ۋە دار مۇزىكىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولغان. دارۋازلار دارغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ، دۇئا - ئىبادەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىگەن. دارۋازلىق دىنىي ھېيت - بايراملاردا ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئوينالغان ھەم قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە كېڭەيگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللەنگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم،

قىلدى»، يەنى «ئارغامچا ئۈستىدە ئوينىدى» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىكى تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم تەمىنلىگەن «جامىئۇتتەۋارىخ» دېگەن كىتابتا: «چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە دارۋازلىق ھەرىكىتى بەكمۇ ئەۋج ئالغان. دار ئۈستىدە ئىرشات، دىرشات دېگەن ئىككى يىگىت ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. ئۇلار بىرقانچە شاگىرتلىرى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قاراشلىق جايلارغا بېرىپ، دار ئۈستىدە تۈرلۈك ماھارەتلەرنى كۆرسەتكەن» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يەنى مىلادىيە 1346- يىلى چاغاتاي خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنگەن. غەربىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي قىسمى قەشقەر، تۇرپان رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىيە 1348- يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان شەرقىي قىسمىدا خانلىققا ئولتۇرغان. شەرقىي چاغاتاي نەسەبىدىكى سەئىدخان 1514- يىلى يەركەننى مەركەز قىلىپ يەركەن خانلىقىنى قۇرغان ھەم بۇ خانلىق 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. يەركەن خانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا گەرچە دارۋازلىق تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تازا گۈللەنگەن، ئۇيغۇر 12 مۇقامى قېزىپ رەتلەنگەن مۇشۇنداق بىر خانىدانلىقتا دارۋازلىقنىڭمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز، ئەلۋەتتە.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆلىما چيۇ چۇجى 1221- يىلىدىن

غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئۇچ كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدۇق، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر ئىكەن، ئۇ بىزگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ سوۋغا بەردى، شورپا، قاتلىما نان بىلەن مېهمان قىلدى؛ يەنە بىر شەھەرگە كەلسەك، بىر كىچىك ئۇيغۇر بالىسى موما ياغاچنىڭ ئۇستىگە مېڭىپ چىقىپ پىچاقۋازلىق ماهارىتى كۆرسەتتى.»

سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندې غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بارغاندا يازغان «غەربىي يۇرتقا سەپەر » (西国行传) ناملىق كىتابىدا دارۋازنىڭ ئارغامچا ئۇستىدىكى ماهارىتىنى تەسۋىرلەپ: «مىلادىيە 659- يىلى (شيەنچىڭنىڭ 4- يىلى) پۇسۇشىنىڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھىغا بەش قىز ئورۇندايدىغان بىر ئويۇننى كۆرسىتىپ بەردى. قىزلار دار ئۇستىدە قىلىچۋازلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئويۇنلارنىمۇ كۆرسەتتى» دەپ يازغان.

مىڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 1368~1644 يىللار) دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى ۋاڭ چى يازغان «سەنسەي تۇخۇي» (三才图会) ناملىق كىتابتا «ئوردىدىكى ئويۇنلارنىڭ ئىچىدىكى دارۋازلىق ھەرىكىتى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن» دەپ قەيت قىلىنغان.

«تۇڭدىيەن» ناملىق تارىخىي كىتابتا: «ھەر خىل سېھىرگەرلىكنىڭ كۆپچىلىكى غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن. خەنزۇلار ئوينىغان دارۋازلىقمۇ غەربىي ئەلدىن كەلگەن» دېيىلگەن. سەيجۇ يازغان «خەنيى» ناملىق كىتابتا: «غەربىي يۇرتتىن كەلگەن راھىبلار بىر زالدا ئويۇن كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار بىردەم بېلىق بولۇپ ئۆزگەرسە، بىردەم سېرىق ئەجدىھا بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن،

جۇن يۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن خاتىرىسىدە: «ئۇيغۇرلار ناھايىتى ماھارەتلىك كېلىدىكەن، ئاياللىرى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەن، خىلمۇخىل ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ» دەپ يېزىلغان.

شى لىڭ 1924- يىلى يازغان «شىنجاڭغا ساياھەت» ناملىق كىتابىدا: «يەكەن رايونىدىكى خوتۇن - قىزلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەن، سېھىرگەرچىلىك، موللاق ئېتىش، سىم ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسىتىش (دارۋازلىق) بەك قىزىپ كېتىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر دارۋازلىرى جۇڭگو ئىچىدىن ھالقىپ، بۇخارا، كابۇل، كاراچى ئىران، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مالايسىيا، كانادا، ھەتتا ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى دۇنياغا تونۇتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللاپ مەدەت بېرىشى ئاستىدا ئۇيغۇر دارۋازلىقى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ گۈللەنگەن، ئەڭ تەرەققىي قىلغان پارلاق مەزگىلگە قەدەم قويدى.

## دار مەيدانى ۋە دارنىڭ تۈزۈلۈشى

باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم يېڭى ئەۋلاد دارۋازلار ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا مەيلى دار مەيدانى بولسۇن ياكى دارنىڭ تۈزۈلۈشىدە بولسۇن، مىسلىسىز يېڭى تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بىنا، مۇنار، دەريا، كۆل، تاغ، باغچا، سېپىل... قاتارلىق ئورۇنلار دار مەيدانى قىلىنىپ، دار مەيدانىنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى بارغانسېرى زورايدى. دارنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىمۇ ئىلگىرىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق دارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى تېخنىكىلىق پولات قۇرۇلمىلىق دار ئىگىلەشكە باشلىدى. تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ياغاچ قۇرۇلمىلىق دارنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە توختىلىمىز.

دار تۈۋرۈكى: ئۈچ تال ئۇزۇن ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ھەر بىر ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇزۇن ياغاچنىڭ توغرا كەسمە يۈزى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۈچ دانە ياغاچ بىر-بىرىگە باغلىنىپ دار تۈۋرۈكى ياسىلىدۇ.

تاختا پەر: دار تۈۋرۈكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر بولىدۇ. تاختاي ئۈستىگە ئىككى مېتىر قىزىل شەلپەر گۈمبەز شەكلىدە تارتىلىدۇ. تاختاپەر بايرىقى ئۈچ تال رەڭلىك رەختتىن ياسىلىپ، تاختاپەرگە قادىلىدۇ.

قۇلاق چۆپ: 2.8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بادرا تاختاپەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا، يەنى دار تۈۋرۈكىگە توغرىسىغا باغلىنىپ ياسىلىدۇ. قۇلاق چۆپنىڭ ئۇچ - سول تەرىپىگە يالاڭ چىغرىق ۋە ئۈچما چىغرىق بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئۇچ تەرىپىگە گۈلەڭگۈچ شەكلىدە ئارغامچا باغلىنىدۇ. تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ئارغامچىنىڭ

ئۇچما چىغرىق: قولاق چۆپنىڭ سول تەرىپىگە گولەڭگۈچ شەكلىدە ئارغامچا باغلىنىپ، ئارغامچىنىڭ تۆۋەنگە ساڭگىلىغان



*1-1- رەسىم. دار تۈزۈلۈشى*

ئىككى بېشىغا دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىككى تۆمۈر ھالقا ئورنىتىلىدۇ.

دار ئارغامچىسى: 82 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۇق ئارغامچا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئېلاستىكلىقى تۆۋەن چىگىدىن ياسىلىدۇ. دار ئارغامچىسى دار تۈۋرۈكىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى تاختاپەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا چىگىلىدۇ، يەنە بىر ئۇچى 30 مېتىر ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە قاراپ ئۈچ بۆلۈك ھاسىل قىلىپ، يەرگە چېك قېقىلغان قوزۇققا باغلىنىدۇ.

ئارقا تام ئارغامچىسى: دار تۈۋرۈكىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يەر يۈزىگە چىڭ تارتىپ بېكىتىلگەن ئارغامچا بولۇپ، ئۇ ئۇچ ئارغامچىنىڭ دار تۈۋرۈكىنى تارتىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ دار تۈۋرۈكىنىڭ مۇقىم، تىك تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

قۇلاق ئارغامچا: دار تۈۋرۈكىنىڭ مۇقىم تىك تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇلاقتىن ئىككى ياندىن يەرگە تارتىلغان بىخەتەرلىك ئارغامچىسىدۇر.

دار قوزۇقى: دار تۈۋرۈكىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىن تارتىلغان 80~82 مېتىرلىق دار ئارغامچىسىنى باغلايدىغان قوزۇق بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچتىن ياسىلىپ يەرگە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئارقا تام قوزۇقى، قۇلاق قوزۇقلىرىمۇ ياسىلىدۇ.

ھاۋاز ساپاي ياغىچى: دار ئارغامچا قوزۇقىدىن تارتىپ ھاۋاز ئارىلىقىغا قەدەر بولغان دار ئارغامچىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىرلىق بادرىدىن ياسالغان ئىككى تال ئاچا ياغاچ ھاۋاز ساپاي ياغىچى دېيىلىدۇ.

ھاۋاز ياغىچى: ھاۋاز ساپاي ئارىلىقىدىن تارتىپ ھاۋاز ئارىلىقىغا قەدەر بولغان دار ئارغامچىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدىغان ئىككى تال بادرىدىن ياسالغان ئاچا ياغاچ ھاۋاز ياغىچى دەپ ئاتىلىدۇ.

پەدە ئارغامچا: ھاۋاز ساپاي ئارىلىقىدىكى دار ئارغامچىسىنىڭ مۇقىم ھالىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دار ئارغامچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەدە شەكلىدە تارتىلغان يەتتە

بادىرىدىن ياسىلىدۇ. بادىرىنىڭ تومۇقى يەتتە ـ سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

## دارۋازلىق ماھارىتى

دارۋازلىق بىر قەدەر كەڭ مەنىگە ئىگە ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ يەر ئۈستى ماھارىتى، دار ئۈستى ماھارىتى، چىغرىق ماھارىتى، مۇزىكا-ئۇسسۇل، سېرىك ماھارىتى... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆپ قاتلاملىق ماھارەت تۈرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ دارۋازلىق دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، دارۋازلىق نوقۇل ھالدا ئالاھىدە بىر خىل تەنتەربىيە ياكى سېرىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۈچلۈك سەنئەت خاراكتېرىگىمۇ ئىگە. شۇڭا ئۇ كۆپ ھاللاردا دارۋازلىق سەنئىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. يەر ئۈستى ماھارىتى**

1) موللاق ئېتىش: يەرنى تۇتماي موللاق ئېتىش، يەرنى تۇتۇپ موللاق ئېتىش، تەپكە تاختا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش (تەپكە تاختا قاڭقىتىش ئەسۋابى بولۇپ، بۇ ئەسۋابنىڭ ياردىمى بىلەن ماھارەت كۆرسەتكۈچى 12 ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ يەرگە چۈشىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) جەڭۋازلىق(جانبازلىق): يەكمۇيەك ئېلىشىپ ماھارەت كۆرسىتىدىغان بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ

قىلدۇرۇپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ماھارەت ھازىر چامباشچىلىق دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ سۆز «拳把师» دېگەن خەنزۇچە ئاتالغۇدىن كەلگەن. يەر ئۈستى ماھارىتىدە جەڭۋازلىق مۇھىم بىر ھەرىكەت تۈرى بولۇپ، جەڭۋازلىقتا يەنە ئۈچ ئاچىلىق ياغاچ دەستىلەنگەن تەلۋەر ئارقىلىق ماھارەت كۆرسىتىلىدۇ. تەلۋەردە ئىككى قولدا ، بويۇندا، دۈمبىدە پىرقىرىتىش ماھارەتلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

3) قىلىچۋازلىق: رەقىبى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىدە ئاساسىي ماھارەت ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر خىل چېپىش، سانجىش، مۇداپىئە ... قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆرسىتىلىدۇ.

4) تاش چېقىش: ئىچكى ئېنېرگىيە گۇمپىسىنى نامايان قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ماھارەت ئىگىسى تاشنى قورسىقىغا قويۇپ بازغان بىلەن ئۇرۇپ چاقىدۇ.

5) پىچاقۋازلىق: بەش دانە پىچاقنى بەلگىلەنگەن نىشانغا قارىتىپ ئاتىدۇ. پىچاق ئېتىش جەھەتتىكى تەلەپ: بەش دانە پىچاق باشنىڭ يۇقىرى، يان، قۇلاقنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن تەرەپلىرىگە قادىلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

6) توپبازلىق: دىئامېتىرى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان، ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان تۆت دانە ياغاچ پومزەكنى ئاسمانغا ئېتىپ يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

7) غىڭ - غىڭ ئويىنىتىش: (ئاۋازغا ئاساسەن قويۇلغان ئىسىم) غىڭ - غىڭ ئويىنغۇچى ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىرلىق ئىنچىكىرەك كەلگەن كالتەكنى ئىككى دانە ئۇزۇنراق چوكا

سىلىپ سىرتقا پۇركۈيدۇ. پۇركۈش جەريانىدا پەيدا بولغان ئوت يالقۇنى ئېغىزىنىڭ سىرتىدا يورۇق چىقىرىدۇ. (بۇ كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ).

9) چىنە ئويناش: بىر مېتىرلىق ئىنچىكە ئۈچ تال تاياق بىر- بىرىگە تىرىلىپ، ئاندىن ئۈستىگە تۆت دانە چىنە قويۇلىدۇ. چىنە تاياقنىڭ ئۇچىغا كىيدۈرۈلۈپ ئوينىتىلىدۇ.

10) كۆز باغلاش (سېھرىگەرلىك): ھەر خىل نەرسىلەر كۆز باغلاش ئارقىلىق يوق قىلىنىدۇ.

11) قونچاق ئويناش: بۇنىڭدا قولنى چاققان ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قونچاقنى ئۇسسۇلغا ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداشقا سالىدۇ.

## 2. دار ئۈستى ماھارىتى

يېقىنقى يىللارغىچە دارۋازلار دار ئۈستى ماھارىتىنى پەقەت يالاڭ ئاياغ ئورۇنداپ كەلگەن.

دار ئۈستى ماھارىتى ئارقان ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ئالدى- كەينىگە مېڭىش،ئولتۇرۇپ - قوپۇش (بەدەشقان قۇرۇش)، ئارقانغا مىنىش، موللاق ئېتىش، كۆزنى تېڭىپ مېڭىش، باشچىلاپ تىك تۇرۇش، بىر پۇتلاپ تۇرۇش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈپ مېڭىش، تەگشەكسىز مېڭىش، تەگشەك كۆتۈرۈپ مېڭىش، پۇتىغا تەخسە تېڭىپ مېڭىش، تاق چاقلىق ۋېلسىپىت بىلەن مېڭىش، پۇتتا ئېسىلىش، ساڭگىلاش، ياغاچ پۇت (20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە) تېڭىپ مېڭىش، دارىدىن سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دارۋازلىق

## 3. چىغرىق ماھارىتى

چىغرىقتا كۆرسىتىلىدىغان ماھارەت قولاق چۆپ ياغىچىغا بېكىتىلگەن يالاڭ چىغرىق ۋە ئۇچما چىغرىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. چىغرىق ماھارىتى 22~30 مېتىر ئېگىزلىكتە كۆرسىتىلىدۇ. چىغرىق ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسىدە تورنىك دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا، چىغرىق ماھارىتى تورنىكتىكى ئاساسىي ماھارەت شەكىللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

1) يالاڭ چىغرىق: چىغرىقنى تۇتۇپ پىرقىراش، بەلنى چىغرىقتا قويۇپ ئۆزىنى تۆۋەنگە قارىتىپ قويۇۋېتىپ پۇتىنى ئىلىۋېلىش، چىغرىقنى قولتۇقتا قىسىپ تۇرۇش، چىغرىقتا ئولتۇرۇپ كەينىگە ئېگىلىش، چىغرىققا پۇتىنى ئىلىش، بىر قولتۇقى چىغرىقنى قىسىپ تۇرۇش، چىغرىقنى بىر قولتۇقتىن يەنە بىر قولتۇققا يۆتكەش، چىغرىقنى گەدىنىدە قىسىپ تۇرۇش، بوشلۇقتا شۇڭغۇش ھالىتىدە تۇرۇش... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئۇچما چىغرىق: ئۇچما چىغرىقنىڭ بىر ھالقىسىغا بىر پۇتنى، يەنە بىر ھالقىسىغا قولنى كىرگۈزۈپ پىرقىراش، ئىككى ھالقىغا ئىككى پۇتنى سېلىپ تۆۋەنگە ئۆزىنى ئېتىش، بىر ھالقىغا پۇتنى سېلىپ، يەنە بىر ھالقىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ پىرقىراش، پىرقىراش ئەۋجىگە چىققاندا قولدا تۇتۇپ تۇرغان ھالقىنى قويۇپ بېرىپ پىرقىراش... قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4. سەنئەت ماھارىتى

پائالىيەتلىرىدە كۆپرەك ئۇينىلىپ كەلگەن. دارۋازلىق مەشرەپ، چاق پەلەك، چىغرىق ئىلەڭگۈچ، لەپپەك، ئىت تالاشتۇرۇش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، خوراز چۇقۇشتۇرۇش، ئارقان تارتىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش... قاتارلىق ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋجى سۈپىتىدە ئورۇندىلىپ كەلگەن بولۇپ، دارۋازلارنىڭ ماھارىتىگە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بەزى ئامىللىرى مۇجەسسەملەنگەن. مەلۇم جەھەتتىن دارۋازلارنى سەنئەتكار دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، دارۋازلار ئەل نەغمە سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا ـ قوشاق، خەلق قىسسىلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىدە ئىپادىلىگەن.

1) دار مۇزىكىسى: ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى زاماندىن تاكى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردە، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ناغرا، دۇمباق بىلەن ئورۇندالغان دار مۇزىكىسى دارۋازلارنىڭ نەپىس ماھارىتىگە تەڭكەش بولۇپ كەلگەن ھەم دارۋازلىقنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغان. دارۋازلار خىلى بۇرۇنلا دارۋازلىق بىلەن مۇزىكىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە دارۋازلىق ھەرىكىتىگە تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا رىتمى ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان.

يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان دار مۇزىكىسى تۆت خىل ئاھاڭدىن تەشكىل تاپقان. دار مۇزىكىسى دارۋاز مەيدانغا كىرىپ دارغا چىققان ۋاقتتىن باشلىنىپ تاكى دار ئۈستىدىكى

ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن دار مۇزىكىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلدى. كۆپ خىل ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇندالغان «12 مۇقام»نىڭ بەزى كۈي ئاھاڭلىرى ۋە ناغرا ـ سۇناي پەدىلىرى دار مۇزىكىسى سۈپىتىدە ئورۇندىلىپ كەلمەكتە.

2) دارۋاز قوشىقى: ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن دارۋازلار ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردانىنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان مىسرالار دارۋاز قوشىقىدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن.

دارۋاز قوشىقى يىقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر دارۋازلار ئارىسىدا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنى پىششىق بىلىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. دارۋاز قوشىقى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە تۈزۈلگەن:

دارۋاز: ئەي ئاتا، مېنى دار ئۈستىدە سور باستى، بۇ ئويۇننى كۆرگۈچىلەردىن دۇئا تىلەيمەن.

ئاتىسى: ئەي جامائەت، دۇئاغا قول كۆتۈرەيلى!

جامائەت: يا خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،
رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتىدىن.
كەتكۈزگىن ھەر بالانى ئۈممەتىدىن،
ياغدۇرغىن كۆپ ياخشىلىق ھىممىتىڭدىن.

دارۋاز: ئىنايەت بىرلە كۆرسەتكىن،

دارۋاز: ئەي ئاتا دارنىڭ ئارغامچىسى كۆزۈمگە قىزىل قاندەك كۆرۈندى.

ئاتىسى: ئەي ئوغلۇم خاتىرجەم بول، مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇ:

تاشقا ئۇيۇلغان خەت
يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلارمۇ؟
بىر بەندىگە قازا يەتسە،
قاچقان بىلەن قۇتۇلارمۇ؟

تاشقا يامغۇر كار قىلالماس،
مۇزغا سۇ، دارۋازغا دەم.
ئاللاھ ساقلا مەدەتكار،
قىلما ئوغلۇم ئۇنچە غەم.

دارۋاز: ئەجەب دەرماندادۇرمەن،
تۇت قولۇمنى يا ئۇلۇغ ئاللاھ.
ئىنايەت بىرلە كۆرسەتكىن،
يولۇمنى يا ئۇلۇغ ئاللاھ.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ دارۋاز قوشىقى ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى دارۋاز قوشىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئىجاد

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا دارۋازلارغا ئائىت يەنە مۇنداق قوشاقلار بار:

دارۋاز ئوينايدۇ،
ياۋاغ دەرۋازىسىدا.
ئانارخان يىغلايدۇ،
تامنىڭ دالدىسىدا.

دارۋازمۇ كەتتى،
مارالبېشىغا يەتتى.
كەتسە كەلمەيدۇ،
يۈرەككە ئوت كەتتى.

3) دارۋاز كىيىمى: رەڭلىك سەللە، بوغما ياقا كۆينەك، كالتا چاپان، بەلباغ، تامبال، ئۆتۈكتىن ئىبارەت. كۆينەكنىڭ يەڭ، كۆكرەك، ياقىلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ. تامبالنىڭ پۇشقاقلىرىغا زەر تۇتۇلىدۇ، پۇشقىقى تارراق بولىدۇ. كۆينەك ئالما ئۇرۇقى ياكى قىزىل رەڭدە بولىدۇ، ئىچكى كىيىم ئانارگۈل ياكى قىزىل رەڭدە بولىدۇ. دار مۇزىكىسى چالىدىغان سازەندىلەرمۇ مىللىي پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىدۇ.

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دارۋازلار ئەنئەنىۋى دارۋاز كىيىملىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدىكى دارۋاز كىيىمىنى بارلىققا كەلتۈردى.

4) دارۋاز ئېتى: ئاق بوز ئات. دارۋاز مەيدانغا ئۇنىڭغا مىنىپ كىرىدۇ. ئاتنىڭ بويىنىغا بىر تىزىق مىس قوڭغۇراق

ئېسىلىدۇ. ئېگەر چۆرىسىگە چۇچا تۇتقان دۇخاۋا يوپۇق يېپىلىدۇ. ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئاينىڭ شەكلى چۈشۈرۈلىدۇ. ئاتنىڭ بېشى ئۈچ خىل رەڭدىكى 12 مېتىر تاۋار بىلەن بېزىلىدۇ.



2.1- رەسىم. دار ئېتى

# ئىككىنچى باب

## دارۋاز جەمەتىنىڭ نەسەب شەجەرىسى

«پەلەك شاھى» ئادىل ھۇشۇرنىڭ جەمەتى ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان، دارۋازلىق تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بىردىنبىر دارۋاز جەمەتى بولۇپ، ئۇ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تەتقىق قىلىش ھەم چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ قارىشىچە، پەقەت دارۋاز جەمەتىدىكىلەرلا دار ئۈستىدە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ خەتەرلىك ماھارەتلەرنى ئورۇنداش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئادىل ھۇشۇر ئۆز جەمەتىنىڭ 434 يىللىق تارىخىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، دارۋازلىقنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى.

تارىخىي مەنبەلەردە، دارۋاز جەمەتى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق يازما مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىنى ئاغزاكى شەكىلدە ئەۋلادمۇئەۋلاد خاتىرىلەپ كەلگەن. بۇ دارۋاز جەمەتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىراسلىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە مەخپىي تارىخى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

دارۋاز جەمەتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى مەرھۇم يۇسۇپجان مۇسا ئېسىدە ساقلاپ كەلگەن تارىخىي خاتىرىسى ئاساسىدا بەزى مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ، 1989- يىلى 3- ئاينىڭ 13- كۈنى ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ ھەسەنجان ھۇشۇرغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇ يىلى دارۋاز جەمەتىنىڭ تارىخىغا 421 يىل بولغانلىقى يېزىلغان. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ دارۋاز جەمەتىنىڭ دارۋاز ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى ئەۋلاد — توختى ھاجىم، خوتەننىڭ يورۇڭقاشتا تۇغۇلۇپ 108 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىككىنچى ئەۋلاد — روزى ھاجىم، 1746- يىلى خوتەننىڭ يورۇڭقاشتا تۇغۇلغان، توختى ھاجىمنىڭ نەۋرىسى، لەقىمى شال. 1847- يىلى 101 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۈچىنچى ئەۋلاد — ھەبىبۇللا ھاجىم، لەقىمى چولاق دارۋاز. 1800- يىلى ئۈيۈن قويۇش سەپىرىدە پەرغانىدە تۇغۇلغان. 1925- يىلى 125 يېشىدا خوتەننىڭ يورۇڭقاشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۆتىنچى ئەۋلاد — مۇسا دارۋاز (مۇسا قارىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، لەقىمى دارۋاز. 1872- يىلى قەشقەرنىڭ سەمەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1958- يىلى 10- ئاينىڭ 17- كۈنى 86 يېشىدا كېرىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

بەشىنچى ئەۋلاد — ھۇشۇر مۇسا، 1900-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1976-يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

يۇسۇپجان مۇسا — 1914- يىلى خوتەننىڭ ئىلچىدا

ئادىل ھوشۇر — 1971- يىلى يېڭىساردا تۇغۇلغان، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق دارۋاز ئارتىسى.

## توختى ھاجىم

1514- يىلى سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 11 خان تەختتە ئولتۇرغان. بولۇپمۇ ئابدۇرەشىدخان (1533~1560يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە ئابدۇكەرىمخان تەختتە ئولتۇرغان (1559~1592يىللىرى) مەزگىللەردە يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە... قاتارلىق ھەر ساھەدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. شۇ قاتاردا دارۋازلىقمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، يەكەن خانلىقىغا قاراشلىق ھەر قايسى جايلاردا كۆپلەپ ئوينالغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توختى ھاجىمنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دارۋازلىقنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مەشھۇر دارۋاز ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭمۇ دارۋاز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە دارۋاز جەمەتىنىڭ ئانا جەمەتىدە ئىسمائىل دېگەن سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان بىر

تارىخي رومانىدا، 1569-يىلى يەكەن خانلىقى ئوردىسىدا كۆرسەتكەن دارۋازلىق ماھارىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«دارۋاز يىگىت يىگىرمە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى لەنگەر چۆپىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇۋالدى - دە، دار ئارغامچىسى ئۈستىدە لەرزان قەدەم تاشلاپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. جامائەتنىڭ كۆزلىرى دارۋازنىڭ ئارقان پەيتىپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈۋەتكەن تاپانلىرىغا مىختەك قادالغانىدى. ئۇلار ھاياجانلىنىپ ئاران - ئاران نەپەس ئېلىشاتتى.

دارۋاز ئارقان ئۈستىدە گاھ ئالدى - كەينىگە ماڭسا، گاھ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى، گاھ ئارقانغا مىنىۋالسا، گاھ ئارقان ئۈستىدە موللاق ئاتاتتى. بۇنداق چاغلاردا تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپلا قالاتتى. دارۋاز دارنى بەخىرامان ئويناۋاتقىنى بىلەن، جامائەت پەستە كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى. دارۋاز گاھ ئارقان ئۈستىدە كۆزىنى تېڭىۋېلىپ ماڭسا، گاھ پۇتىغا تەخسە باغلاپ ماڭاتتى؛ گاھ ئارقان ئۈستىدە تاقلاپ ماڭسا، گاھ قىرىق گەز ئېگىزلىكتىكى ياغاچ پۇتنى تېگىپ ماڭاتتى.

مەيدان گاھ تىنچىپ، گاھ تۇيۇقسىز شاۋقۇنلاپ كېتەتتى، جامائەت دارۋازنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ دېگىزدەك يېنىك داۋالغۇيتتى. دارۋاز ئاخىرىدا دارنىڭ يىقىلىپ چۈشكەننى دوراپ، جامائەتنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ توختىدى. بەزىلەر ھەتتا تۇيۇقسىز چىرقىراپ تاشلىدى، ئېغىر ئاياغ ئاياللاردىن بىر-ئىككىسىنى تولغاق تۇتۇپ كەتتى ۋە ئەرلىرى ھاپىلا-شاپىلا ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتى، بەزىلەر ھوشىدىن

ھەرىكەتلەرنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىشتى.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى جامائەتنىڭ ۋۇجۇدىنى سۆيۈنۈش ھېسسىياتى چۇلغىۋالغانىدى، بەزىلەر قانداقتۇر ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردانىنىڭ روھىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ، ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇسا، بەزىلەر ئىلاھىي بۆرىنى، قەھرىمان ئوغۇزخاقانىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولۇشتى.»

توختى ھاجىم دارۋاز جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ سەككىز يېشىدىن باشلاپ دارۋازلىق ماھارىتى ئۆگىنىشنى باشلىغان. دارۋاز جەمەتىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى يۈسۈپجان مۇسانىڭ ئەسلىمىسىدە توختى ھاجىم توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرىلەر ساقلانغان:

«چولاق مەدداھ (چولاق دارۋاز نامى بىلەنمۇ داڭقى چىققان) بوۋام ھېبىبۇللا ھاجىم ھايات ۋاقتىدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم. بوۋامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىكى دانىغا بويىۇن سوزغان باچكىدەك بويىنۇمنى سوزغىنىمچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەچمىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتىم. بالىلىقتىكى ھېكايىلەر خاتىرىمىزدە خۇددى تاشقا باسقان مۆھۈردەك ساقلىنىپ قالىدىكەن. بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەجدادلىرىمىزدىن تۇنجى بولۇپ توختى ھاجىم يەكەن خانلىقىنىڭ ئۇچىنچى پادىشاھى ئابدۇكەرىمخانىنىڭ ئوردىسىدا دارغا چىققانىكەن.

توختى ھاجىم ئون يىلغا يېقىن يەكەن خانلىقىغا تەۋە رايونلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئويۇن قويغاندىن كېيىن، ھەج

قويۇپتۇ. بىر بىسىپ - ئىككى بىسىپ مىڭ تەسلىكتە گىلكىتكە يېتىپ بىرىۋاپتۇ. گىلكىتتە بەش - ئون كۈن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ ھېچ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى قىلالماپتۇ. ئۇ بىر كۈنى گىلكىت كوچىلىرىدا بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر يىلان ئۇچراپتۇ، توختى ھاجىم چۆچۈپ كەينىگە داجىپتۇ، يېنىشلاپ قارىسا، ئۇ بىر ئارغامچا ئىكەن. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ قالغاچقا، يەردىكى ئارغامچا ئۇنىڭ كۆزىگە يىلان بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. توختى ھاجىم خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ. ئۇ ئارغامچىغا قولىنى ئەمدىلا ئۇزارتىشىغا ئىگىسى ئۆيىدىن چىقىپ تارتىۋاپتۇ. توختى ھاجىم ئارغامچىنىڭ ئىگىسىگە يالۋۇرۇپ: — ئارغامچىنى بىر كۈن بىرىپ تۇرسىلا، مەن سىلىگە تاماشا قىلىپ بەرسەم،— دەپتۇ.

— قېنى قانداق تاماشا قىلىپ بىرىسەن؟— دەپتۇ ئارغامچىنىڭ ئىگىسى.

— ئاۋۋال مەن تەييارلىقنى پۈتتۈرەي، ئاندىن سىلە كۆرۈپ باقسىلا،— دەپتۇ توختى ھاجىم. ئاخىر قارىقاشتىن چىقىپ گىلكىتكە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىرەيلەن كېپىل بولۇپ ئارغامچىنى توختى ھاجىمغا ئېلىپ بىرىپتۇ، توختى ھاجىم ھاپىلا-شاپىلا 20 گەز ئېگىزلىكتە دار باغلاپتۇ.

دارغا چىقىپ بىر مەھەل ئويۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، دار ئۈستىدە تۇرۇپ جامائەتكە:

— مەن ئاچچىق ئۇچەيدىكى گېپىمنى جامائەتكە ئېيتمىسام بولمىدى، مەن خوتەن يۇرۇگقاشنىڭ بۇيا يېزىسىدىن ھەج تاۋاپ

سىلەرمۇ مۇسۇلمان، مەنمۇ مۇسۇلمان، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قاياشى، ماڭا ياردەم قولۇڭلارنى سوزساڭلار،— دەپ هال ئېيتىپتۇ، دار ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەر توختى هاجىمنىڭ ماهارىتى ۋە سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ تاپقان - تەرگىنىنى داستىخانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توختى هاجىم تۆت - بەش تەڭگە پۇلغا ئېرىشىپتۇ.

ئارىدىن خوتەندىن چىققان بىر توپ جامائەت توختى هاجىمغا مەسلىھەت بېرىپ:

— بۇرادەر، بىز يۇرتداش ئىكەنمىز، ئېخىمۇ هەيۋەتلىك دار باغلاپ، كۆرگۈچىلەرنى تاڭ قالدۇرغۇدەك بىر ئىش قىلساڭلا، بىزنىڭمۇ ئىناۋىتىمىز ئۆسۈپ قالسا، سىلىمۇ هەج تاۋاپ قىلغۇدەك بىر نەرسە توپلىۋالساڭلا ئەجەب ئەمەس،— دەپتۇ ۋە توختى هاجىمغا ياردەم بېرىپتۇ. توختى هاجىم ئەتىسى ئېگىز هەم هەيۋەتلىك قىلىپ دار باغلاپتۇ، گىلكىت شەھىرىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى دار ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. شۇ كۈنى توختى هاجىم خۇرجۇننىڭ بىر پېيى توشقۇدەك پۇل يىغىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە: «دارۋازلىقنى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەيمەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمەن» دەپ نىيەت قىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ راۋالپىندىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ راۋالپىندىغا بېرىپلا هەيۋەتلىك دار باغلاپ ئويۇن قويۇپتۇ. ئەتىسىلا شەھەر هاكىمى ئۇنىڭغا:

— بۇنداق جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان ئويۇنۇڭنى يوقات،— دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دارنى ئالدۇرۇۋېتىپتۇ. توختى هاجىم يىگىۋاشتىن غەمگە پېتىپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن

— ئۆزلىرىنى گىلكىتتە ئويۇن قويۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدۇق، بۇ يەردىمۇ ئويۇن قويۇپ بەرەمەمدىلا؟— دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ. توختى ھاجىم شەھەر ھاكىمىنىڭ دارنى ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بەش - ئالتە سودىگەر دەررۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ پادىشاھقا ھال ئېيتىپتۇ:

— بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دارۋازلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئەنئەنىۋى بىر ئويۇنىمىز باردى، ھازىر بۇ ئويۇنىمىزنىڭ ماھىر ئۇستىسى سەلتەنەتلىرى سايىسىگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ، دار باغلاپ جانابلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشنى ئىستەيدىكەن، ئىجازەتلىرىنى سوراپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدۇق،— دەپتۇ.

— قېنى، كۆرۈپ باقايلى،— دەپتۇ پادىشاھ. شۇنىڭ بىلەن توختى ھاجىم يىڭىۋاشتىن دار باغلاپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئويۇن قويۇپتۇ، ھەر قېتىم ئويۇن تۈگىگەندە پۇل توغرۇلۇق پەقەت ئېغىز ئاچماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى داردىن چۈشكەندىن كېيىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، سودىگەرلەر بەس - بەس بىلەن تەڭگە پۇل تاشلاپ، توختى ھاجىمنىڭ ئۈستۈېشىنى كۆمۈۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىللانىڭ كۈچى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەرەب ئەللىرىدە ئويۇن قويۇپ، ئاخىرىدا ھەج قىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.»

توختى ھاجىم دارۋازلىق سەنئىتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ، 108 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

## روزى ھاجىم

ۋاقتىدىن باشلاپ دارۋازلىق ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. توختى ھاجىم باشچىلىقىدىكى دارۋازلارغا ئەگىشىپ ئالتە شەھەر، سەمەرقەنت، كابۇل، بۇخارا، نەمانگان، باغدات قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن مۇددەت دارۋازلىق قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا شۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان ياشلارنى دارۋازلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيىلىگەن. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزبېكلەردە دارۋازلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك ئاساس سالغان. ئۇ يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل تىجارەت قىلغاندىن كېيىن، باللا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ بارغان ھەم داۋاملىق دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مەرھۇم يۇسۇپجاننىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، دارۋازلىق ئەينى زاماندا يالغۇز پارس زېمىنىدىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان، ئەرەب ئەللىرى، ھەتتا ئامېرىكا، ئەنگلىيىلەردىمۇ زىلزىلە قوزغىغان. كۇنلەرنىڭ بىرىدە جاھانكەزدى روزى ھاجىم ھەرەمدىن ھەج قىلىپ ياۋروپانى كېزىپ ئەنگلىيە ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتماقچى بولۇپ تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن پاراخوتقا خاتا ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ قالغان.

كېيىن ئامېرىكىدا ئويۇن كۆرسىتىپ ناھايىتى كۆپ ئالقىشقا ئېرىشىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەنگلىيە پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇغا قايتقان.

روزى ھاجىم ئەينى چاغدىكى گۇاڭدۇڭ ئايمىقىغا يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك مەھكىمە مەخسۇس ئۆمەك تەشكىللەپ، ئۇنى دەبدەبە بىلەن قارشى ئالغان. بىرەر سائەتكىچە پوجاڭزىلار بەس-بەستە ئېتىلىپ، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكەن. گۇاڭدۇڭ

سارىيىدىمۇ ئويۇن قويغان. چيەنلۇڭ خان ئۇنىڭ دار ئۈستىدىكى ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغان، نەق مەيداندىلا روزى ھاجىمنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر پارچە شېئىر يازغان:

چىقتى دارۋاز دارغا مېھمان ئالدىدا،
بولدى مېھمان شادۇ ـ خەندان ئالدىدا.
كۆرسىتىپ ھەرخىل ماھارەتلەرنى ئۇ،
قىلدى كۆرگەنلەرنى ھەيران ئالدىدا.

چيەنلۇڭ خانغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردە، 250 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر دارۋازلىرى بېيجىڭ خان ئوردىسىدا دار ئويۇنى كۆرسەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن، بىراق روزى ھاجىمنىڭ ئىسمى ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن چيەنلۇڭ خانغا دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇيغۇر دارۋازلىرى ئىچىدە ئەلۋەتتە روزى ھاجىمنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

دارۋاز جەمەتىگە دائىر قىسمەن قولىيازمىلار ۋە جەمەت ئەزالىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بايانلىرىدا روزى ھاجىمنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا دارۋازلىق قىلىپ كاتتا ئىنئاملارغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا بەزى ھېكايىلەر بار. ئۇ دارۋازلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاجىز-ئورۇق، نامرات ـ يېتىم، ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرگە ئىئانە قىلغان. يەنە بىر قىسمىنى جامە، مەسچىت سېلىشقا ياردەم قىلىپ جامائەت تەرىپىدىن «ساخاۋەتچى دارۋاز» دەپ ئاتالغان.

تاپشۇرۇپ يۇرۇڭقاشقا قايتىپ كەلگەن ھەم شۇ يەردە 101 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، روزى ھاجىم مەشھۇر جاھانكەزدى دارۋاز بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىنىسىدە مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.

## ھەبىبۇللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ دارۋازلىق ھاياتى

روزى ھاجىم ئوغلى ھەبىبۇللا ھاجى دارۋازلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئويۇن قويۇش سەپىرىدە 1800- يىلى پەرغانىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ روزى ھاجىمنىڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئاكىسى ۋە ئىككى ئاچىسى بولغان. دارۋاز جەمەتىنىڭ مۇنداق بىر ئەنئەنىۋى ئادىتى بار بولۇپ، بۇ جەمەتتىكى دارۋازلار سىرتقا دارۋازلىق ئويۇنى قويۇشقا چىققاندا، دائىم خوتۇن، باللا - چاقىلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن روزى ھاجىم ئوتتۇرا ئاسىياغا دارۋازلىق ئويۇنى قويۇشقا بارغاندا ئايالىنى بىرگە ئېلىپ بارغان. ھەبىبۇللا ھاجى ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ۋە بىر ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ھەم بەش ياشقا كىرگەندە دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 12 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئاتىسىدىن دارۋازلىق ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە داردا پۇتىغا تەخسە تېڭىپ مېڭىش، كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش... قاتارلىق مۇرەككەپ ھەم قىيىن ماھارەتلەرنى ئىجاد

ھەبىبۇللا ھاجى كېيىن ئاتىسى روزى ھاجىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئانىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنى ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ بىر مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەم ئاتىسى روزى ھاجىم بىلەن بىرگە دارۋازلىق قىلغان ھەم قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان 10 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە، رىياد، ئىراقنىڭ باغدات، ئىراننىڭ تېھران، تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، مىسىرنىڭ قاھىرە، ئەزھەر... قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، شۇ دەۋرلەردىكى بەزى پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ماختىشىغا ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. كېيىن ھەبىبۇللا ھاجى ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېرىيە، خوتەن، قارىقاش، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر... قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم داڭلىق دارۋازلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ھەبىبۇللا ھاجى 1925- يىلى 125 يېشىدا يۇرۇڭقاشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇسا قارىم، ئەمەتخان ۋە مامۇتخانلار كېيىنكى مەزگىلدە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دارۋازلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان.

## مۇسا دارۋاز

ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇنى ئالتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپ دار ماھارىتى بويىچە مۇنتىزىم تەربىيىلىگەن. مۇسا دارۋاز دارۋاز جەمەتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 10 ياشقا كىرگەندە ئېگىزلىكى نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان داردا بىمالال ماڭالايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئەل ئارىسىدا «مۇسا دارۋاز» ياكى «بالا دارۋاز» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان.

مۇسا دارۋاز ئاتىسى ھەببۇللا ھاجى تەشكىللىگەن دارۋاز ئەترىتىگە ئەگىشىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ، داردا ماھارەت كۆرسەتكەن. ئاتىسى ھەببۇللا ھاجى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا دارۋاز بىر تۇغقان ئىنىلىرى ئەمەتخان ۋە مامۇتخانغا ئاتىدارچىلىق قىلغان. 1920- يىلى مۇسا دارۋاز بىر قىسىم دارۋازلار بىلەن بىرگە قەشقەردىكى قۇمدەرۋازىدا ئىككى كۈن دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسەتكەن. تۇنجى كۈنى ئاۋۋال يەر يۈزىدە سېرىك نومۇرلىرى، كېيىن دارغا چىقىپ كامالەتكە يەتكەن تۇرلۇك ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيگەن. ئۇ 1892- يىلى 19 ياش ۋاقتىدا ئۈچىنچى قېتىم كېرىيە ناھىيىسىگە كېلىپ، پوندۇرا دېگەن يەردە ماھارەت كۆرسەتكەن ھەمدە ئويۇن ئاخىرلاشقاندا سايباغ كەنتىدىكى نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلغان. شۇ يەردىكى ئەھلى جامائەت مۇسا دارۋازنىڭ ئىمانى كامىل، تەقۋادار، ياخشى پەزىلەتلىك دارۋاز ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭ

مۇسا دارۋاز 12 مو يەردە ئۆرۈك ۋە شاپتۇلنى ئاساس قىلغان مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىپ، باغ ئىچىگە كۆلىمى سەككىز فۇتتىن كېلىدىغان چوڭ بىر كۆل قازدۇرۇپ، كۆل ئۈستىگە دار باغلاپ پەرزەنتلىرى ۋە باشقا دېھقان باللىرىنى تەربىيىلىگەن. ئۇ ئەينى چاغدا بېغىنى سۇغىرىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئېرىق چاپقان بولۇپ، بۇ ئېرىقلا ھازىر «دارۋاز ئېرىق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ ئۆمرىدە ھۇشۇرئاخۇن، يۈسۈپجان، خەيرىنىساخان، تۇرسۇننىيازئاخۇن، قۇربانىنىيازئاخۇن، مەتنىيازئاخۇن، ئەيسائاخۇن ۋە ئايتۇلانخاندىن ئىبارەت سەككىز پەرزەنتلىك بولغان. ئوغۇللىرىدىن ھۇشۇر ئاخۇن، يۈسۈپجان ۋە تۇرسۇننىيازئاخۇنلارغا كىچىكىدىن باشلاپ دارۋازلىق ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇستا دارۋازلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ پەرزەنتلىرى ۋە شاگىرتلىرىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئويۇن كۆرسىتىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگەن.

مۇسا دارۋاز 1935-يىللىرى ئوغۇللىرىدىن ھۇشۇرئاخۇن، يۈسۈپجان، تۇرسۇننىيازئاخۇن، ھاشىم ھاجى، سىدىق ھاجىم، كەسىپداشلىرى زۇنۇن قۇربان، ئەبەيدۇللا دارۋاز، سابىر موللاقچى، خارىسجان، نۇرى ھاشىم... قاتارلىق داڭلىق دارۋاز، سېرىكچى-سېھرىگەرلەردىن ئۆمەك تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماھارەت كۆرسىتىپ زور داغدۇغا قوزغىغان.

1948- يىلى 4- ئاينىڭ 4- كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاخۇنلۇقۇم دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دارۋازلىق پائالىيىتىدە، مۇسا دارۋازنىڭ ئوغۇللىرى ۋە شاگىرتلىرى ئاجايىپ

ھەمـمـدە ئۆزىنىـڭ ئـەتىۋارلىق ئـارغىمچىنى ئـۇنىڭغا مۇكاپـات ئورنىدا تەقدىم قىلغان . مۇسا دارۋاز شۇ يىلى كۆزدە 130 تۇياق چارۋىسىنى سېتىپ 1200 يىللىق تارىخقا ئىگە كېرىيە ھېيتگاھ جامەسىنى بەشىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياساشقا ئىئانە قىلغان.

مۇسـا دارۋاز ئـاخىرقى ئـۆمرىنى شاگـىرت تەربىيىلـەش ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ 1958- يىلى 10- ئاينىڭ 17- كۈنـى كېسـەل سـەۋەبىدىن 86 يېشـىدا ئالەمـدىن ئۆتكـەن ۋە كېرىيە ناھىيىسىدىكى سايباغيار مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى مۇسا دارۋازنىڭ قەبرىسىگە بىر جۈپ جىگدە تىكىپ ئۆستۈرگەن بولۇپ، بۇ جىگـدە دەرىخى ھازىرغا قـەدەر كۆكلـەپ تۇرماقتا. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كېرىيە خەلقى ئۇيغۇر دارۋازلىقىغا ئۆچمـەس تۆھپـە قوشـقان مۇسـا دارۋازنـى چوڭقـۇر يـاد ئېـتىپ كەلمەكتە.

## ئەمەتخان

1889- يىلى لوپ ناھىيىـسى يۇرۇڭقاش بازىرىنىـڭ ئېگىز ئۆسـتەڭ كەنتـىدە دۇنياغـا كەلگـەن. ئـۇ كىچىكىـدىن باشـلاپ ئاتىسـى ھەبىبـۇللا ھـاجى بىلـەن ئاكىسـى مۇسـا قارىمـدىن سـىركچىلىك ۋە دارۋازلىـق ماھـارىتى ئۆگەنگـەن، دارۋازلارغـا ئەگىشـىپ شـىنجاڭنىڭ ھـەر قايسـى جايلىرىـدا ئويـۇن قويۇشـقا قاتناشقان.

1958- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ خوتەن شەھىرىنىڭ

## مامۇتخان

1897- يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا بىر تەرەپتىن دارۋازلىق كەسپىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ھەر ئىككى كەسىپتە نەتىجە ياراتقان. مامۇتخان ھەببۇللا 1930- يىلىغا قەدەر مۇسا قارىم، ھۇشۇر ئاخۇنلار تەشكىللىگەن دارۋازلىق ئويۇنلىرىغا قاتنىشىپ، يىگى ۋە ئۆزگىچە ماھارەتلەرنى ئورۇندىغان.
ئۇ 1935- يىلىدىن ئېتىبارەن تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى مول بىلىمى ۋە تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. مامۇتخان ھەببۇللا 1960- يىلى 8-ئايدا كېرىيە ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم ئاكىسى مۇسا دارۋاز بىلەن بىر مازارغا دەپنە قىلىنغان.

## ھۇشۇر ئاخۇن دارۋاز

1900- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۆت-بەش ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتىسى مۇسا دارۋازنىڭ بېغىدىكى كۆل ئۈستىگە تارتىلغان داردا دارۋازلىقنى مەشىق قىلغان. مۇسا دارۋازنىڭ ھازىرغىچە ھايات تۇرۇۋاتقان

پەللىسىنى ئىككى-ئۈچ مېتىر ئېگىزلىتىپ دارغا چىقىپ-چۈشۈش ھەرىكىتىنى بىر يىلغا يېقىن ئۆگەتكەن. ھۇشۇرئاخۇن يەتتە ياشقا كىرگەندە كۆلدىكى سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 18 مېتىر كېلىدىغان داردا يالاڭ ئاياغ تەڭشەكسىز مېڭىشنى ئۆگەنگەن. بىر يىلدىن ئارتۇق مەشىق قىلىش ئارقىلىق كۆلگە تارتىلغان ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى داردىن تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن. كېيىن ئۇنىڭ ماھارەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دارنىڭ ئېگىزلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى تەدرىجىي ھالدا ئۇزارتىلغان. مۇسا دارۋاز يەنە ئاتىسى ھەبىبۇللا ھاجىمدىن مىراس قالغان ئۆستىخان يۇمشىتىش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ ھۇشۇر ئاخۇننىڭ پەي ۋە بوغۇملىرىنى يۇمشاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە موللاق ئېتىش، يەر يۈزىدە باشچىلاپ تىك تۇرۇش... قاتارلىق سېرك ماھارەتلىرىنىمۇ ئۆگەتكەن. 1910- يىلى 1- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي قار ياغقان بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغان. شۇ كۈنى قوشنىسى داۋۇت خۇدابەردى مۇسا دارۋازنى ئىزدەپ كۆل بويىغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا مۇسا دارۋاز ئوغلى ھۇشۇرئاخۇندىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقانىكەن. مۇسا دارۋازنىڭ ئېيتىشىچە، قار ياغقان ئەڭ سوغۇق كۈندە كېچىسى داردا تەمتىرىمەي ماڭالىغان كىشى دارۋازلىقنىڭ دەسلەپكى ماھارىتىنى ئىگىلەپ بولغان بولىدىكەن. ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن ھۇشۇرئاخۇن ئاتىسىنىڭ بۇ ئالاھىدە ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى سىڭدۈرگەن ئەجرىگە قانائەتلىنەرلىك

هوشۇرئاخۇن دارۋازلىقنىڭ دەسلەپكى ماھارەتلىرىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، بىر تۇغقان ئىنىلىرى ۋە باشقا شاگىرتلارغا ئۆزى ئۆگەنگەن ماھارەتلەرنى ئۆگەتكەن.

تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، 1900- يىلدىن 1950- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كىرىيە ناھىيىسى شىنجاڭ دارۋازلىقىنىڭ ئاساسلىق مەركىزىگە ئايلانغان. دارۋازلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز جانلىنىشىغا ئەگىشىپ كىرىيە ناھىيىسىدە ھەر يىلى 4- ئاينىڭ 4-كۈنى دارۋازلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان. كىرىيىلىك تارىخچى مەرھۇم تۇرغۇن قارىي 1912- يىلى يېزىپ قالدۇرغان كىرىيە تارىخى توغرىسىدىكى «سەيەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئاسمان پەلەك دارلار چاسا رەستىلەردە تىكلىنىپ، دارۋازلار ئويۇن كۆرسىتەتتى. قىسىنچىلەر مەيدان قۇرۇپ جەڭنامىلەرنى سۆزلەيتتى. مۇقام، مەشرەپ، ئەلنەغمىلەر چايخانىلاردا ئۈزۈلمەستىن ئورۇندىلىپ، ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.»

1931- يىلى 4- ئاينىڭ 4- كۈنى كىرىيە ناھىيىسىنىڭ شەنبە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق دارۋازلىق پائالىيىتىدە جاكارچى دارۋازلىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى تاماشىبىنلارغا يۇرتنىڭ ئاجىز كىشىلەر، ياشانغانلار ۋە ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ مەيداندىن كېتىشىنى جاكارلىغان. بۇ كۈنى بۇ يەردە تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدىغان داردا مۇسا دارۋازنىڭ هوشۇرئاخۇن، يوسۇپجان، تۇرسۇننىيازئاخۇن... قاتارلىق بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاجايىپ

تېگىپ مېڭىش، يالاڭ ئاياغ ئۆتۈش، تەگشەكسىز مېڭىش، تاقلاپ مېڭىش، داردا ئولتۇرۇش... قاتارلىق مۇرەككەپ ھەم خەتەرلىك ماھارەتلەرنى ئورۇندىغان.

1931-، 1942-، 1949-، 1952- يىللىرى 4- ئاينىڭ 4- كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاخۇنلۇقۇم دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دارۋازلىق پائالىيىتىدە ھۇشۇرئاخۇن داردا بىر پۇتلاپ تىك تۇرۇش، داردا ئوگدىسىغا يېتىش، داردىن ئۆزىنى تاشلاپ كىشىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلىش... قاتارلىق يېگى ھەم ئۆزگىچە ماھارەتلەرنى ئورۇنداپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مۇكاپاتىغا ۋە مەيداندىكى ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ھۇشۇرئاخۇن 1944 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە دار ئويۇنى كۆرسەتكەندە، ناھىيە دوتىيى ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ھوشىدىن كەتكەن. ئۇ يامۇلغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەلگەن. ئۇ ھۇشۇرئاخۇننى چاقىرتىپ دەرھال قاغىلىقتىن ئايرىلىشنى، قاغىلىققا ئىككىنچى كەلمەسلىكنى ئۇقتۇرۇپ ئۇن دەررە ئۇرغۇزۇپ يولغا سالغان. بۇ ئىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن قاتتىق ئەلەم بولغان. ئۇ 1948- يىلى قەشقەردىن خوتەنگە ئويۇن قويۇشقا ماڭغىنىدا، يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا گومىنداڭنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئېتى، ئىككى ھارۋىسى ۋە دار ئەسلىھەلىرىنى بۇلىۋالغان ھەمدە پۇتىغا ئوق ئېتىپ ئېغىر يارىلاندۇرغاچقا، ئۇ بىر نەچچە يىل دارغا چىقالمىغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1951- يىلى قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شەھەر باشلىقى ئابدۇرەھىم ئابدۇلەتىپ ھۇشۇرئاخۇننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ھۇشۇرئاخۇن 1955- يىلى داڭلىق دارۋاز ۋە سېركچىلەردىن تەركىب تاپقان يېڭىسار سېرك ئۆمىكىگە قاتناشقان.

ئۇ 1956- يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە ئۇلتۇراقلىشىپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغان. 1957- يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى داڭلىق سېركچى، سېھرىگەر، دارۋاز ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللەپ، كۇچا، بۈگۈر، قارا شەھەر، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا كۆندۈزى ئويۇن قويۇپ، كېچىسى ئات ھارۋىلىرىنى قونالغۇ قىلىپ، ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقىت دەل قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى بولۇپ، ھازىرقى خەلق باغچىسى يېنىدىكى ساي يولىدا ئويۇن كۆرسەتكەن. قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى دار ئويۇنى ئاخىرلىشاي دېگەندە، دار ياغىچى تۇيۇقسىز سۇنۇپ كەتكەن. ھۇشۇرئاخۇن چاققانلىق بىلەن ئارقانغا ئېسىلىپ ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە پۇلاڭلاپ قالغان. ئۇنىڭ تەجرىبىسى مول، تېخنىكىسى يۇقىرى بولغاچقا، يېنىك زەخىملەنگەن. ئەمما ئۇنىڭ قولىدىن چۇشۇپ كەتكەن تەگشەك ئون نەچچە ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن.

شۇ يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنى ئاساس قىلغان «شىنجاڭ خەلق سېرك ئۆمىكى» ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ مەدەنىيەت نازارىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇلغان.

1962- يىلى ھۇشۇرئاخۇن خوتەندە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، كاتتا شۆھرەت قازانغان. بۇ 1982- يىلىغىچە بولغان

بىغىشلىغان، دارۋازلىقتىن ئىبرىشكەن بايلىقلىرىنى نامراتلار ئۈچۈن ئاتىغان بۇ ئاق كۆڭۈل سېخىي دارۋاز 1976- يىلى 3- ئاينىڭ 25- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

2003- يىلى ئادىل ھۇشۇر ئۇنىڭ بۇزغۇن كەنتىدىكى قەبرىسىنى قايتىدىن ياساپ، ئاتىسىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى.

## يۇسۇپجان

يۇسۇپجان 1914- يىلى 8- ئاينىڭ 9- كۈنى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مۇسا دارۋازنىڭ ئوغلى. بالىلىق چاغلىرىنى كېرىيە ناھىيە شەنبە بازىرىنىڭ سايباغ كەنتىدە دارۋازلىق ماھارىتى، سېركچىلىك ماھارىتى ئۆگىنىش ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ 11 ياشقا كىرگەندە، ئاتىسىنىڭ دارۋازلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان. كېيىنكى مەزگىلدە مۇسا دارۋاز ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، دارۋازلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرغان. ئۇ دارۋازلىق ماھارىتىدە ھۇشۇرئاخۇن بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە يەتكەن. يۇسۇپجان مۇسا كېيىن يەكەن ناھىيىسىگە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىشكە بېرىپ، شۇ يەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان ھەم ھېيتگاھ جامە يېنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئۇ يەكەندە بىر تەرەپتىن دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرت تەربىيىلەپ، دارۋازلىق كەسپىنى

كاراچى... قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ يېرىم يىلغا يېقىن دارۋازلىق قىلغان ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1933-يىلىدىن كېيىن جۇڭگو قورۇلغانغا قەدەر، دادىسى مۇسا دارۋاز، ئاكىسى ھۇشۇر ئاخۇن، ئىنىسى تۇرسۇننىياز ئاخۇن، شۇنداقلا ھاشىم ھاجى، ئەبەيدۇللا ئاخۇن... قاتارلىق دارۋازلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دارۋازلىق قىلغان.

1980- يىللاردىن كېيىن يۇسۇپجان مۇسا ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ياش ئەۋلادلارنى تەربىيلەشكە ئالاھىدە كۆچ چىقارغان. ئۇ يەكەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مەھەممەت تۇرسۇن، مەھەممەت ئابباس، نۇرەخمەت مەھەممەت، ئوغلى تۇرسۇن... قاتارلىق ئون نەچچە يارامىلىق شاگىرتنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان ھەم يەكەن زەرەپشان سىرك ئۆمىكىنى قۇرغان.

يۇسۇپجان مۇسا يەنە ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە خاتىرە قالدۇرۇش جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ، بىزنى دارۋاز جەمەتىنىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

بىر ئۆمۈر دارۋازلىق بىلەن مەشغۇل بولغان يۇسۇپجان مۇسا 2002- يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنى يەكەندە 99 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم دۇخان پاشىم مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

## تۇرسۇنىيازئاخۇن

تۇرسۇنىيازئاخۇن 1932- يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە دۇنياغا

قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ 1958- يىلى دارۋازلىقنى قول ئۈزۈپ، كىرىيە ناھىيىسىنىڭ كۇئىبنلون سوغىرىش باش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978- يىلى 1- ئاينىڭ 18- كۈنى غەربىي كەلكۈن غول ئۆستەڭدىكى مۇز چېقىش ئەمگىكىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان، ئۇنىڭغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىلگەن.

## ئەيسائاخۇن

1945- يىلى 1- ئاينىڭ 10- كۈنى قاغىلىقتا تۇغۇلغان. سەككىز ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتىسى مۇسا قارىمدىن دارۋازلىق ۋە سېھرىگەرلىك ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ توققۇز ياش ۋاقتىدا داردىن يىقىلىپ چۈشۈپ زەخمىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دارۋازلىقتىن قول ئۈزگەن. 1975- يىلىدىن 2000- يىلىغىچە كىرىيە ناھىيىلىك سوچىلىق ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ ھازىر دەم ئېلىشتا.

## ھۇشۇر مۇسانىڭ دارۋاز ئەۋلادلىرى

ھەسەنجان ھۇشۇر: 1948- يىلى 4- ئاينىڭ 17- كۈنى قەشقەرنىڭ قۇمدەرۋازىدا دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدىن

ئۆمىكى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ھەسەنجان ھۇشۇر 1975- يىلىدىن 1989- يىلىغىچە يېڭىسار سېرك ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

يېڭىسار سېرك ئۆمىكى 1990-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى تەركىبىگە قوشۇۋېتىلگەن.

ئۇ 1994- يىلى 5- ئايدا شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىن پېنسىيىگە چىققان. 1995- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلق دارۋاز ئۆمىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇ ئۆمەكتىكى دارۋازلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەردە ماھارەت كۆرسىتىپ جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان.

ھەسەنجان ھۇشۇر 2002- يىلى 5- ئاينىڭ 4- كۈنى قىزى ئاينۇر بىلەن كىيىنى مېھرىگۈلنىڭ خوتەندىكى ئۇلۇغئاتا تېغىنىڭ تاتلىقسۇ جىلغىسىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈپ، دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىش پائالىيىتىنى ۋە ئۇغلى ئابدۇسەمەتنىڭ سەددىچىن سېپىلى، شىنياڭ ۋە باش ئەگمىدىكى دارۋازلىق پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن.

ئاينۇر ھەسەن: ھەسەنجان ھۇشۇرنىڭ قىزى. ئاينۇر 1973- يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلق دارۋاز ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى. ئاينۇر سەككىز يېشىدا يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكى دارۋاز ئەترىتىدىكى دارۋاز ۋە سېركچىلەردىن ماھارەت ئۆگەنگەن. 12 يېشىدا داردىن ماڭالايدىغان ۋە ئادەتتىكى ماھارەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان

يىقىلىپ كېتىپ، ئالتە چىشى چۈشۈپ كەتكەن، بۇرۇن، يۈز سۆڭىكى سۇنغان. ئۇ مەملىكەتلىك 3-، 4-، 5-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ماھارەت كۆرسىتىپ «1- دەرىجىلىك ئورۇنداش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

2002- يىلى 5- ئاينىڭ 4- كۈنى دۇنيا دارۋازلىق تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەرگەن. ئادىل ھەسەن خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئۇلۇغئاتا چوققىسى بىلەن تاتلىقسۇ چوققىسى ئارىلىقىغا تارتىلغان 1680 مېتىرلىق پولات ئارغامچىدىن 52 مىنۇت 24 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، ئايالار دارۋازلىقى بويىچە دۇنيا گىنىس رېكورتى ياراتقان. ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈشكە كەلگەن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان نەچچە مىڭ ئاما كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىگە قاراپ ھاڭ - تاڭ قالغان. ئۇلار داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي ۋە ئالقىش چاۋاكلىرىنى ياغدۇرۇپ، بۇ «سېھىرلىك قىز»غا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خۇش خەۋەر ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. مەملىكىتىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى بۇ دارۋاز قىزنىڭ ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇشتى.

ئادىل ھەسەننىڭ دۇنيا گىنىس رېكورتى ياراتقانلىقى ئۇيغۇر دارۋازچىلىق تەرەققىياتىدىكى يېڭى بىر بۇرۇلۇش

دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 16 يېشىدىن باشلاپ دارۋازلىق ماھارىتىنى تېزلا ئىگىلىگەن. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ رەسمىي دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكەن.

2002- يىلى 8- ئاينىڭ 10- كۈنى دارۋاز مېھرىگۈل يۇنۇس كورلىدىكى باش ئەگىمگە تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 647 مېتىر، ئېگىزلىكى 205 مېتىر، يانتۇلۇقى 25 مېتىرلىق پولات سىمدىن ئۆتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىش ئۈچۈن سالامەتلىكىنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ئالدىنئالا مەشىققە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، يەنى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى پولات ئارغامچىدا سىناق تەرىقىسىدە ماڭغاندا يىقىلىپ چۈشۈپ بەختكە قارشى 23 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ئۇيغۇر دارۋازلىقىغا نىسبەتەن چوڭ بىر يوقىتىش بولدى. گەرچە مېھرىگۈل يۇنۇس ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىق ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

1950- يىللىرى، يەنى شىنجاڭ يېڭى ئازاد بولغان مەزگىللەردە، بىر قىسىم دارۋازلىرىمىز يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن دارۋازلىق ماھارىتىنى باشقىدىن نامايان قىلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن چىققان ھۇشۇر مۇسا، سىدىق ھاشىم، ئەبەيدۇللا دارۋاز، يۈسۈپجان مۇسا قاتارلىق دارۋازلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى، لېكىن ئۇلار ئويۇن قويۇشتا پەقەت شىنجاڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى.

## ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۆمەكنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى

1) 1951- يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قارمىقىدا ھاشىم دارۋاز ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سىدىق ھاشىم، نۇر

هاشىم قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان سېرك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

2) 1952- يىلى غۇلجىدا نۇر هاشىم تەشكىللىگەن سېرك ئۆمىكى قۇرۇلدى.

3) 1955- يىلى يېڭىسار ناهىيىسىدە زۇنۇن قۇربانىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن دارۋازلاردىن هۇشۇر مۇسا، يۇسۇپجان مۇسا، ياسىن سىدىق ۋە سېركچى خارىسجانلاردىن تەركىب تاپقان يېڭىسار سېرك ئۆمىكى قۇرۇلدى.

4) 1956- يىلى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەبەيدۇللا دارۋاز «تىيانشان سېرك ئۆمىكى»نى قۇردى.

5) 1958- يىلى هۇشۇر مۇسا ۋە ئەبەيدۇللا دارۋازلارنى ئاساس قىلغان هالدا «شىنجاڭ خەلق سېرك ئۆمىكى» ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

6) 1960- يىلى مەملىكىتىمىزدە ۋاقىتلىق يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە «شىنجاڭ خەلق سېرك ئۆمىكى» تارقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن هۇشۇر دارۋازنى ئاساس قىلغان ئۆمەك ئەزالىرى زۇنۇن قۇربانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سېرك گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشىپ، «شىنجاڭ خەلق سېرك ئۆمىكى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ئەبەيدۇللا دارۋازنى ئاساس قىلغان «تىيانشان سېرك ئۆمىكى» ئۈرۈمچىنىڭ ئەنەنچۈي ناهىيىسىگە چۈشۈرۈۋېتىلدى.

7) 1966- يىلى 12- ئايدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى تارقاقلاشتۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭ خەلق سېرك ئۆمىكى»

قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسى بوزغۇن كەنتى، يوپۇرغا ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ خانئۆي دېھقانچىلىق مەيدانىغا تارقاقلاشتۇرۇلدى.

8) 1971- يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇلغان دارۋاز، سېركچىلەر قايتا يىغىلىپ، يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

9) 1990- يىلى يانۋاردا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنىڭ «خەلق سەنئىتىنى قوتۇلدۇرۇۋېلىش»



1.3- رەسىم. يېڭىسار دارۋاز ئەترىتى

توغرىسىدىكى ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنى شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ تەركىبىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈرۈپ، دۆلەتنىڭ باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قوللانغان تەمىناتىدىن ئوخشاش بەھرىمەن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دارۋازلىقنىڭ

تەرەققىياتى ئۈچۈن تەشكىلىي ۋە ئىقتىسادىي كاپالەت تۇرغۇزۇلۇپ، داۋازلىق رەسمىي سەنئەت مۇنبىرىگە قەدەم قويدى. دارۋازلاغا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان يېڭى پۇرسەتلەر كەلدى. ئۇلار خىلۇەت يېزا - قىشلاقلاردىن بىراقلا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى كەڭرى سەھنىلەرگە قەدەم قويدى.

## دارۋازلارنىڭ چوڭ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۈزلىنىپ، دۇنيا سەھنىسىگە قەدەم قويۇشى

1) 1953- يىلى دارۋازلىق مەملىكەتلىك ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىگە تاللىنىپ، تيەنجىندە ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭخۇا تەنتەربىيە كاتتا مەرىكىسى»گە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ قېتىم بەشىنچى ئەۋلاد دارۋاز سىدىق ھاشىم دارۋازلارغا ۋەكىل بولۇپ، دار ئويۇنى كۆرسىتىپ «بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

2) 1982- يىلى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 29 يىل توختاپ قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ بۇ كاتتا يىغىلىش مەرىكىسى قايتا ئەسلىگە كېلىپ، نامى «مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى» دەپ ئاتالدى . پائالىيەتتىن توختاپ قالغىنىغا 20 يىل بولغان دارۋازلار بۇ قېتىم يەنە مۇسابىقىگە قاتنىششقا توغرا كەلدى. يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان دارۋازلىق مۇشۇ پائالىيەت سەۋەبىدىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دارۋازلىقنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشىگە ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاپتونوم رايونلۇق

تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى داھىم قادىر بۇ ۋەزىپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ ئىزدىنىپ، ئاخىر يېڭىسار سىبىرك ئۆمىكىگە كېلىپ زۇنۇن قۇربانىنى تاپقان. زۇنۇن قۇربان بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆمەككە ھاشىم دارۋازنىڭ ئوغلى، ئۆزىنىڭ كونا سەپدىشى نۇر ھاشىمنى تەكلىپ قىلىپ دەرھال دار مەشىقىنى باشلىۋەتكەن. بۇ چاغدا زۇنۇن قۇربان 13 ياشلىق ئوغلى مەمەتتۇرسۇننى نۇر ھاشىمغا شاگىرتلىققا بەرگەن. نۇر ھاشىمنىڭ يېتىشتۈرۈشى بىلەن مەمەتتۇرسۇن ئۇستازى بىلەن بىللە ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە قاتنىشىپ، مۇسابىقىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىدە دار ماھارىتى كۆرسەتكەن. ئەمدىلا 14 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەمەتتۇرسۇن ئاخىر غەلىبە قىلغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن تاماشىبىنلار بۇ كىچىك ئەزىمەتنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، نۇرغۇن سوۋغا بىلەن قۇتلۇقلىغان.

مەمەتتۇرسۇن تۇنجى بولۇپ بەشىنچى ئەۋلاد دارۋازلاردىن دار ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە نەتىجە ياراتقان ئالتىنچى ئەۋلاد دارۋاز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) 1986- يىلى شىنجاڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى كورلىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىدە مەمەتتۇرسۇن ئاجايىپ قالتىس

4) 1985- يىلى ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا، ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن ئادىل ھوشۇر ۋە ئاينۇر ھەسەن ئاممىغا تۇنجى بولۇپ دار ماھارىتى كۆرسىتىپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

5) 1986- يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ دارۋازلىق تۈرىدە ئادىل ھوشۇر بىلەن ئاينۇر ھەسەن ماھارەت كۆرسىتىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. گوۋۇيۈەننىڭ سابىق مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەنلى نەق مەيداندا ئۆز قولى بىلەن بۇ ئىككى ئەزىمەتنىڭ بويىنىغا بىرىنچى دەرىجىلىك مېدالنى ئېسىپ قويدى.

6) 1989- يىلى ئاتۇشتا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە، ياش دارۋازلاردىن مەمەتتۇرسۇن، ئادىل ھوشۇر، ئاينۇر ھەسەنلەر دارۋازلىق تۈرى بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى.

7) 1989- يىلى 4- ئايدا يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىدىكى دارۋازلار شاگىخەي سەھنە سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ بايرامغا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى 10 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بۇ ئۆمەكنى يولغا سالدى. ئۆمەكنى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مىجىت ساۋۇت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت نىياز يېتەكلەپ

بارىدى. بۇ دارۋازلارنىڭ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ، مەملىكەت سەھنىسىگە يۈزلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7) 1989- يىلى 9- ئايدا يېڭىسار سېرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىرى، شۇنداقلا نۇر ھاشىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن، ئادىل ھوشۇر، ئاينۇر ھەسەن ، كامىل قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك «ئالتۇن كۆز» سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ دار ماھارىتى كۆرسەتتى. ئۇيۇندا بەشىنچى ئەۋلاد دارۋازلاردىن سىدىق ھاشىم، نۇر ھاشىم، زۇنۇن قۇربان ۋە سېرىك ئاساسىي ماھارەت ئۇستازى ليۇ فۇسىڭلار ۋە باشقا شاگىرت دارۋازلار ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى فېڭ داجىن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇيۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن مىجىت ساۋۇت دارۋازلىقنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ۋە دارۋازلارنىڭ باسقان جاپالىق مۇساپىلىرىنى ئەسلەپ نۇتۇق سۆزلەپ، رەھبەرلەر ۋە ئاممىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇيۇن ئاياغلاشقاندا، رەھبەرلەر بارلىق دارۋازلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىغان رەئىس تۆمۈر داۋامەت دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى ۋە دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ:

ــــ تارقىلىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ، ھازىر مەركەزنىڭ «خەلق سەنئىتىنى قوتۇلدۇرۇۋېلىش» توغرىسىدا ھۆججىتى بار، بىز بۇ دارۋازلىق سەنئىتىنى قوتۇلدۇرۇۋالىمىز،ــــ دېدى ۋە ئارقىدىنلا

قۇرۇلسۇن، — دېدى. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلق ئىچىدە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن دارۋازلىق ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئېرىشىپ، پەرۋاز قىلىدىغان قاناتقا ئىگە بولدى.

8) 1990- يىلى 9- ئايدا شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى دارۋاز ئەترىتى گۇاڭجۇ شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۇنجى قېتىملىق گۇاڭجۇ سەيلى - ساياھەت بايرىمى ۋە بەشىنچى قېتىملىق گۇاڭجۇ خۇشاللىق بايرىمىغا قاتنىشىپ، گۇاڭجۇ شەرق كۆكۆل ئېچىش باغچىسىدا دار باغلاپ، بىر ئاي ماھارەت كۆرسەتتى.

9) 1991- يىلى 8- ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق تۇرپان ئۈزۈم بايرىمىدا دارۋازلار ماھارەت كۆرسىتىپ، جوڭگو ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

10) 1991- يىلى باھار بايرىمىدا، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى دارۋاز ئەترىتى شەنتۇ شەھەرلىك ئەجدىھا باغچىسىدىكىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن شەنتۇغا بېرىپ، ئەجدىھا كۆلى باھار بايرىمى بىرلەشمە كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتىدە ماھارەت كۆرسەتتى.

11) 1991- يىلى 8- ئايدا ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسىدا ئۈچىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق غەربىي شىمال سېرك ماھىرلىرىنى تاللاش مۇسابىقىسى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ماھىرلار مۇسابىقىگە قاتناشتى. خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا دار باغلىنىپ، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىرى ماھارەت كۆرسەتتى. مەملىكىتىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان فرانسىيە سېرك سەنئىتى بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى موك لىر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىمۇ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلدى.

12) 1991- يىلى باھار بايرىمىدا، ئۆمەك تەكلىپكە بىنائەن شەنتۇ شەھىرىگە بېرىپ، ئەجدىھا كۆلى باغچىسىدا 15 كۈن ئويۇن قويىدى. بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنىڭ سانى گۇاڭجۇدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. تاماشىبىنلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە بىنائەن دارۋازلار كېچىلىرىمۇ ئويۇن قويدى.

13) 1991- يىلى 4- ئايدا دارۋازلار شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك جوڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ - ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. دارۋازلار تاكى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئويۇن قويدى. شۇ قېتىمقى ئويۇن پۈتۈن شاڭخەينى لەرزىگە سالدى. شاڭخەي خەلقىنىڭ ۋە چاگمۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئويۇن قويۇش ۋاقتى يەنە ئۇزارتىلدى. ئادىل ھوشۇر 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە ھېچقانداق قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئەھۋالدا دار ئۈستىدە بىر قوللاپ تىك تۇرۇش، باشچىلاپ تىك تۇرۇش، يۈگۈرۈپ مېڭىش قاتارلىق ئىنتايىن خەتەرلىك ماھارەتلىرىنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. كىشىلەر ھاياجانلانغان ھالدا ئادىلنى «جوڭخۇا مىللىتىنىڭ قەھرىمانى» دەپ ماختاشتى.

14) 1991- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا، ئادىل ھوشۇر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دارغا چىقىۋاتقان ۋاقىتتا تۇساتتىن ئۇق ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، 17 مېتىر ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ 17 يېرى سۇنۇپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئۇ 12 كۈندىن كېيىن خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. شاڭخەي شەھىرى چاگمۇ

مەسئۇل بولغان ئۈچ دوختۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىسار خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى.

15) دارۋازلار شاگىخەيدە ئويۇن قويۇۋاتقان مەزگىلدە، دارۋازلار 1991- يىلى 9- ئايدا بېيجىڭ يىخىيۋەن باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ - ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى دار ئويۇنىمۇ غايەت زور ئالقىشقا ئېرىشتى. نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر دار ئويۇنىنى كۆردى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەلق گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ئويۇن ئەھۋالىنى بەس-بەستە خەۋەر قىلدى. بۇ قېتىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فۇيى ئەپەندىمۇ 10- ئاينىڭ 3- كۈنى دار ئويۇنىنى كۆرۈپ يۇكسەك باھا بەردى.

16) 1991- يىلى 11- ئايدا دارۋازلار گۇيلىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۆتىنچى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

17) 1992- يىلى 2- ئايدا دارۋازلار شەنتۇ شەھرىگە بېرىپ، ئەجدىھا كۆلى باغچىسىدا بىر ئاي ئويۇن قويدى.

18) 1992- يىلى 7- ئايدا شىنجاڭ دارۋاز ئەترىتى بېيجىڭغا بېرىپ جيۇلۇڭ باغچىسى (13 قەبرىستانلىق، شىسەنلىڭ)دا ئۆتكۈزۈلگەن «92- يىلى جيۇلۇڭدا ياز» بايرىمىغا قاتناشتى. 7- ئايدىن 9- ئايغىچە ئويۇن قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بېيجىڭدىكى ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى خاڭجۇ شەھرىگە بېرىپ مىللىي ئۆرپ - ئادەت سەنئەت بايرىمىغا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. يەنە بىر بۆلىكى خۇبېيغا ئاتلىنىپ ۋۇخەندە

ئۆتكۈزۈلگەن «تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا سىرك سەنئىتى بايرىمى»دا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى.

19) 1993- يىلى 9- ئايدا دارۋاز ئەترىتى نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ-ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. 16 ئادەم سەھنە جابدۇقلىرىدىن سىرت، يەنە ئىككى تۆگە ۋە بىر يورۇش كىگىز ئۆينى ئېلىپ نەنجىڭغا كەلدى.

20) 1993- يىلى 9- ئايدا يەنە شېنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مايسا بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا 10 كۈن ئويۇن قويدى.

21) 1993- يىلى 11- ئايدا دارۋازلار شېنياڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەككىز نەپەر دارۋاز ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە مالايسىياغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. دارۋازلار چەت ئەلدە ئويۇن قويغان ئۈچ ئاي ئىچىدە، بارغانلا يەردە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقى بىلەن مالايسىيا خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە دوستانە ئالاقە ئېلگىرى سۈرۈلدى.

22) 1994- يىلى 4- ئايدا شىجياجۇاڭغا بېرىپ بەشىنچى قېتىملىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ - ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، 15 كۈن رەسمىي ئويۇن قويدى. يەرلىك كىشىلەر دارۋازلارنى «غەربىي شىمال بۈركۈتى» دەپ ماختىدى.

كىلىماتى شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. نۇرغۇن تاماشىبىنلار شىنجاڭ دارۋازلىرىنىڭ گەرچە ئانچە داڭقى بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەمنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىكەن، دېيىشتى.

24) 1995- يىلى 1- ئاينىڭ 18- كۈنى دارۋاز - سېرك ئۆمىكى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن يەتتىنچى نۆۋەتلىك جوڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ-ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، شەرق باغچىسىدا 15 كۈن ئويۇن قويدى.

25) 1995- يىلى كۈز پەسلىدىكى چېڭدۇ شەھىرىنىڭ نەم ھاۋاسىغا كۆنمەك ناھايىتى تەس بولسىمۇ، ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن دارۋازلار چېڭدۇ شەھىرى مەدەنىيەت باغچىسىدا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ 25 كۈن ئويۇن قويدى.

26) دارۋازلار چېڭدۇ شەھىرىدىن قايتقاندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، تەكلىپكە بىنائەن چېڭداۋ ۋە ۋۇخەن شەھەرلىرىدە ئويۇن قويدى.

27) 1996- يىلى 1- ئايدا دارۋازلار تەكلىپكە بىنائەن تۆتكە بۆلۈنۈپ، شەنتۇ، شيامېن، چۇڭچىڭ، شىئەن قاتارلىق شەھەرلەردە ئويۇن قويدى. تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىن بولدى. نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار قاق سەھەردە باغچىغا كىرىۋالسا، قاراڭغۇ چۈشمىگۈچە ئۆيلىرىگە قايتمىدى.

28) 1996- يىلى 4- ئايدا بېيجىڭ شەھىرى كىنو-تېلېۋىزىيە بازىسىدا «96- يىللىق كىنو، كىيىم - كېچەك بايرىمى» ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بايرامغا تەكلىپ قىلىنغان دارۋازلار ئەترىتى بايرام ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ 30 نەچچە كۈن ئويۇن قويدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر دارۋازلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد

قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ ئويۇن مەيدانىغا كېلىپ ئارتىسلاردىن ھال سورىدى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ بېشىدا دارۋازلار شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مىللىي ئۆرپ-ئادەت سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ 45 كۈن ئويۇن قويدى. شىئەندىن قايتىپ فۇجيەن ئۆلكىسى چۈەنخۇ شەھىرىگە بېرىپ 10 كۈن ئويۇن قويدى. فۇجيەندىن يەنە شىئەن شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ تاكى 10- ئاينىڭ بېشىغىچە ئويۇن قويدى.

29) 1996- يىلى 10- ئايدا شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنى»غا قاتنىشىپ، ئۈچ كۈن ئويۇن قويدى.

30) 1996- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى «پەلەك شاھى» ئادىل ھۇشۇر ۋە ئۇنىڭ كەسپدىشى دارۋاز ئابلەت مەجۇن چۇ جياڭ دەرياسىغا تارتىلغان 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى 224 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، جۇڭگودا تۇنجى بولۇپ، پولات ئارغامچىدا دەريادىن ئۆتكەنلەر بولۇپ قالدى.

31) 1997- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى ئادىل ھۇشۇر سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان ئېگىزلىكى 402 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 640 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 53 مىنۇت 10 سېكۇنتتا ئۆتۈپ دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى.

32) 1997- يىلى ئادىل ھۇشۇر شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى تەركىبىدە ياپونىيىگە بېرىپ دار ئويۇنى كۆرسەتتى.

33) 2000- يىلى 10- ئاينىڭ 6- كۈنى ئادىل ھۇشۇر خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن تېغىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1389 مېتىر،

34) 2001- يىلى 9- ئاينىڭ 15- كۈنى قارىقاش ناھىيىسىدىن چىققان دېھقان دارۋاز غوجىئابدۇللا روزى ئۇلۇغئاتىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 29 مىنۇت 57 سېكۇنت 38 دەقىقىدە ئۆتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى.

35) 2001 - يىلى 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئادىل ھوشۇر خېڭياڭ شەھىرىدىكى نەنيۆ تېغىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 260 مېتىر، ئېگىزلىكى 66 مېتىر كېلىدىغان، يانتۇلۇقى 31 گرادۇسلۇق پولات ئارغامچىدىن 5 مىنۇت 36 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، ئۈچىنچى قېتىم دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى.

36) 2002 - يىلى 4- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 11- كۈنىگىچە ئادىل ھوشۇر بېيجىڭ شەھىرى پىڭگۇ ناھىيىسىنىڭ جىڭخەي كۆلى بوشلۇقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 416 مېتىر، ئېگىزلىكى 35 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا 25 كۈن ياشاش ۋە 123 سائەت 48 مىنۇت مېڭىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈردە دۇنيا دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى.

37) 2002- يىلى 5- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاينۇر ھەسەن بىلەن مېھرىگۈل يۇنۇس ئۇلۇغئاتىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 52 مىنۇت 24 سېكۇنتتا ۋە 72 مىنۇت 15 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، ئاياللار دارۋازلىقى بويىچە مۆجىزە ياراتتى.

38) 2002- يىلى 6- ئاينىڭ 29- كۈنى خوتەن ناھىيە لايقا يېزا بۇدۇي كەنتىدىكى دېھقان مەمتىمىنئاخۇننىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئابلىزجان ئۆرۈمچى قىزىلتاغ باغچىسىغا تارتىلغان ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسەتتى.

39) 2002- يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلق دارۋاز ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى مېھرىگۈل يۇنۇس كورلىنىڭ باش ئەگمگە تارتىلغان، ئۇزۇنلۇقى 947 مېتىر، ئېگىزلىكى 205 مېتىر كېلىدىغان، يانتۇلۇقى°25لۇق پولات ئارغامچىدا سىناق تەرىقىسىدە مېڭىۋاتقاندا، يىقىلىپ چۈشۈپ بەختكە قارشى قازا قىلدى.

40) 2003- يىلى 8- ئاينىڭ 22- كۈنى ئادىل ھوشۇر چۇڭچىڭ شەھرى فېڭجيې ناھىيىسىنىڭ شىگلۇڭ كەنتىگە جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئازگالدا ئۇزۇنلۇقى 687 مېتىر، ئېگىزلىكى 662 مېتىر كېلىدىغان پولات سىم ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۆزى ئىلگىرى ياراتقان ئەڭ ئېگىز رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

41) 2003- يىلى 9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئابدۇسەمەت بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بەشىنچى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا دوستلۇق مەدەنىيەت بايرىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، بادالىڭدىكى سەددىچىن سېپىلىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1004 مېتىر، ئېگىزلىكى 108 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 20 سېكۇنتتا ئۆتتى.

42) 2003- يىلى 9- ئاينىڭ 20- كۈنى ئابدۇسەمەت يەنە سەددىچىن سېپىلىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىغا ئۈچىنچى قېتىم چىقىپ، 1004 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن كەينىچە مېڭىپ 38 مىنۇتتا ئۆتتى.

43) 2003- يىلى 8- ئايدا ئابدۇسەمەت شىنياڭنىڭ نەنخۇ كۆلىگە تارتىلغان پولات ئارغامچا ئۈستىدە 34 كۈن ياشىدى.

45) يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە يەتتە نەپەر دارۋاز داردىن يىقىلىپ قازا قىلغان، بەش نەپەر دارۋاز داردىن يىقىلغان بولسىمۇ، يەنىلا هايات قالغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدە دارۋازلىرىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئويۇن قويۇپ ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار بارغانلا يەردە كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترەتكۈدەك ئاجايىپ ماهارەتلەرنى كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى. دارۋازلىرىمىز دارۋازلىق سەنئىتى ئارقىلىق ئېلىمىز ۋە چەت ئەللىك دوستلارغا شىنجاڭنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى.

## ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر ۋە تەتقىقاتلار

1) 1956- يىلى 6- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا تارقاق هالەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان سىرك ئۆمەكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر دارۋازلىرىنى ئاساس قىلغان ئۆمەك قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2) 1958- يىلى دارۋازلانى ئاساس قىلغان «شىنجاڭ خەلق سىرك ئۆمىكى» ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

3) 1985- يىلىدىن كېيىن يېڭىسار سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى زۇنۇن قۇربان ئادىل هوشۇر، مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن، ئاينۇر هەسەن قاتارلىق دارۋازلارنى دۆلەت شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ،

دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

4) ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى، تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ دارۋازلىق سەنئىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەندى: «مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ كېلىۋاتقان تۆت بۈيۈك تاج ئۈستىگە ‹ئۇيغۇر خەلقى دارۋازلىقتا دۇنيا جىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ› دېگەن بەشىنچى تاج كىيدۈرۈلدى. بىز بۈگۈن چەكسىز شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولدۇق،ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتقان بەش تاجنىڭ بىرىنچىسى، مەھمۇد قەشقەرى يازغان ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق مىللەت تېخى ئۆزىنىڭ تىل لۇغىتىنى تۈزمىگەن ۋاقىتتا تۇنجى بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان لۇغەت. شۇڭلاشقا بۇ تاجىمىز مۇقەددەس. ئىككىنچىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى. ھېچقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ پەلسەپەسىنى ۋە باشقا بىلىم دۇردانىلىرىنى ‹قۇتادغۇ بىلىك›كە ئوخشاش مۇجەسسەملەپ دۇنياغا تونۇتالىغان ئەمەس. ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى. تۆتىنچىسى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئىبارەت بۇ كلاسسىك خەزىنە ئۇيغۇر خەلقىنى جاھانغا تونۇتۇپ كەلگەندى. ئەمدى ئادىلجان جىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ، دارۋازلىق سەنئىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ، بىزنى بەشىنچى تاج بىلەن تارتۇقلىدى. جىنىس رېكورتى، بۇ ئالەمشۇمۇل نەتىجە! ئادىلجاننىڭ باتۇرلۇقى بەدىلىگە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خەتەرلىك تۈرلەر بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتى قامۇسىغا كىرەلمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. ئادىلجان بىز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل

# تۆتىنچى باب

# دارغا باغلانغان رىشتە

ئۇيغۇر دارۋازلىقى دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنگىچە، دارۋازلار خۇددى كارۋانغا ئوخشاش دارنىڭ ئۈستىدە بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلىشىپ مېڭىپ، تارىخنىڭ كۈمۈش بەتلىرىنى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ دارۋازلىق پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەسلىمىلەر كۆپىنچە ھالللاردا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ دارۋاز جەمەتىدىن باشقا، يەنە تارىختا ئۆتكەن دارۋازلارنىڭ ئىسىم - زاتى، پائالىيتى ۋە ماھارەت ئالاھىدىلىكىنى قېزىش ھەم تەتقىق قىلىش دارۋازشۇناسلىق ئىلمىدىكى چوڭ بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. تۆۋەندە دارۋازلىق ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر قىسىم نامسىز تۆھپىكارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ كۆرەيلى.

## مەشھۇر دارۋاز تەشكىلاتچىسى ــــ ھاشىم ھاجى ۋە ئۇنىڭ دارۋاز ئەۋلادلىرى

تالانتلىق خەلق سەنئەتكارى، مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجى (ھاجى ــــ تەخەللۇسى) 1886- يىلى باھاردا قارىقاش ناھىيە

بازىرىنىڭ تاناي بېشىدىكى ھەمدۇللائاخۇن ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن. ھەمدۇللائاخۇن 1850- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام، شۇنداقلا خوتەن، كېرىيە، قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا ۋە دولان خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ ئاۋامغا تونۇلغان.

ھاشىم ھاجى كىچىك ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن بىرگە، ئاتىسى ھەمدۇللائاخۇندىن دۇتار، تەمبۇر، ناغرا، سۇناي... قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشنى ئۆگىنىپ، 14 يېشىدا سازەندە بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

«چولاق دارۋاز» دەپ ئاتالغان دارۋاز جەمەتىنىڭ ئۇچىنچى ئەۋلادى ھەبىبۇللا ھاجى قەشقەردىن يۇرۇڭقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەندىكى بىر قىسىم دارۋازلارنى تەربىيىلەپ ۋە ئۇلارنى تەشكىللەپ، خوتەن، لوپ، كېرىيە، قارىقاش... قاتارلىق جايلاردا ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۆزىنىڭ بىرى ئاتىسىدىن ھەبىبۇللا ھاجىمنىڭ دارۋازلىق شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كەلگەن ھاشىم ھاجى ئۆز يۇرتىدا ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ، دارۋازلىق كەسپىگە قىزىقىپ قالغان. بىر قېتىم ھەبىبۇللا ھاجى باشچىلىقىدىكى دارۋازلار قارىقاشتا دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسەتكەندە، ھەمدۇللائاخۇن دار مۇزىكىسى چېلىپ بەرگەن ھەم ھەمدۇللا ھاجىم بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. شۇ قېتىمقى دارۋازلىق پائالىيىتىدىن كېيىن، ھەمدۇللائاخۇن ئوغلى ھاشىم ھاجىنى دارۋاز ئەترىتىگە شاگىرتلىققا بەرگەن. كىچىكىدىن ئەقىللىق، ساغلام چوڭ بولغان ھاشىم ھاجى شۇنىڭدىن بۇيان دارۋازلارغا ئەگىشىپ بىر تەرەپتىن

دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: دارۋازلار دار ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تۆۋەندە دارغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان هاشىم هاجىغا قاراپ «هاجىم، كىمگە دۇئا قىلىمەن؟» دەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار بۇ كىشى هاجى بولسا كېرەك، دەپ هاشىم هاجى دەپ ئاتاشقان. ئۇ دارۋازلارنى باشلاپ هازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ماناس شەھىرى، كابۇل، تاشكەنت، بۇخارا، كاراچى ۋە بومباي شەھەرلىرىگىچە بېرىپ دارۋازلىق ماهارىتى كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ جەرياندا بۇخارا ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

هاشىم هاجى XIX ئەسىرنىڭ 90- يىللىرى خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىنىلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنى مۇزىكا ۋە دارۋازلىق بويىچە تەربىيىلىگەن.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندا چايخانىلاردا سازەندىلىك قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى بولغان 12 مۇقامنى يۇقىرى ماهارەتتە ئورۇنداپ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

قاسىم دورغابەگ، ئىمىن قاپباش، ئابدۇرەھىم چوڭ ۋە سەمەتئاخۇن... قاتارلىق مەرھۇملارنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، پەرغانە قانلىق قىرغىنغاندا، هاشىم دارۋاز 12 مۇقامنى ناغرا - سۇناي بىلەن ئورۇنداپ، قانال قازغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، ئىش مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئاشۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر رايونلىرى ۋە ئۆزبېك رايونلىرىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۇ ئۇستازلىق رول ئوينىغان. چۈنكى، ئۇ ناغرا-سۇنايدىن باشلاپ تەمبۇر، دۇتار،

بارغان ۋاقىتلىرىدا ئۆگەنگەن چەت ئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان.

ئۇ دارۋاز جەمەتىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى مۇسا دارۋاز بىلەن ئىنتايىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بىرلىكتە ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1931-يىلى كۇچا ناھىيىسىگە ئويۇن قويۇشقا بېرىپ، بۇ يەردىكى ياش سەنئەتكارلاردىن ماخمۇتئاخۇن، بىلالئاخۇن، بايىزئاخۇن سىتە، ئىبراھىم تەمبۇر، ئەلنەغمىچى زەيتۇنخان، دىلەيسخان، ھېزىمئاخۇن، ھېلىم سېلىم... قاتارلىقلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان .

ھاشىم ھاجى لىن جىلۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا سازەندىلىك قىلغان، جۇڭگو پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان «قانلىق يولۋاس»قا ئوخشاش درامىلارنى ئوينىغان. 1942 - يىلى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇرۇمچىدىن كۇچاغا كەلگەندە، ھاشىم ھاجى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشكەن ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ۋە «غېرىب - سەنەم» درامىسىنى سەھنىلەشتۈرگەن. ئاتاقلىق دراماتورگ، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئەپەندى «خاتىرىلەر» ناملىك ئەسلىمە ئەسىرىدە، ھاشىم ھاجى قاتارلىق دارۋازلارنىڭ ئەينى يىللىرى غۇلجىدا ئېلىپ بارغان دارۋازلىق پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلىگەن.

بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە دارۋازلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھاشىم دارۋاز سەنئەت، دارۋازلىق كەسپى بويىچە

سىدىق ھاشىم: ھاشىم ھاجىنىڭ ئوغلى. سىدىق ھاشىم 1910- يىلى 5- ئاينىڭ 4- كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1916- يىلدىن 1918- يىلىغىچە قەشقەردە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ توققۇز ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئاتىسى ھاشىم ھاجىدىن دارۋازلىق، سېرك، سەنئەت كەسپىنى ئۆگىنىپ، 21 يېشىدا «سىدىق دارۋاز» دېگەن نام بىلەن ئەل ـ جامائەتكە تونۇلغان.

ئۇ 1953- يىلى 11- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە تيەنجىندە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، «بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ 1954- يىلى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1956- يىلى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەندىن ئىبارەت تۆت ئورۇننىڭ سەنئەت ئۆمىكى بىرلەشتۈرۈلۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ قۇرۇلغاندا، قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سېرك گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن. 1958- يىلى يولداش جۇ دې شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، بىر مەيدان دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، جۇ دېنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان، 1974- يىلى شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. جۇڭگو سېركچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان.

سىدىق ھاشىم ھازىر 93 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە.

ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆتكەن دارۋازلار ئىچىدە نۇرى ھاشىمنىڭ چىغرىق ماھارىتى ئالاھىدە ئۇستۇن ئىدى. ھاشىم ھاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ غۇلجىدا بىر مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كۆپ قېتىم داڭلىق دارۋاز ۋە سىركچىلەرگە قوشۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، ئەل ـ جامائەتكە تونۇلغان ھەم مەشھۇر دارۋازلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ 1982- يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، شىنجاڭغا زور شان-شەرەپ كەلتۈرگەن.

نۇرى ھاشىم 1992- يىلى كۇچادا 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## چىغرىق ئۇستىسى ــ خارىسجان جىلىل

خارىسجان جىلىل 1896- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەيسان شەھرىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا زەيسان شەھرىدە تەنتەربىيىچى، كېيىن موسكۋا ئوپېرا ئۆمىكىدە ئارتىس بولغان. 1937- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ مەشھۇر دارۋاز سىدىق ھاشىم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇزۇن يىل ھەمكارلاشقان. ئۇ كېيىن قەشقەرگە بارغان. بۇ جەرياندا يېگىسارلىق پاتەمخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، ئاخىر يېگىسساردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

خارىسجان جىلىل تەنتەربىيىدە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن

بېيىتىپ، دارۋازلىق سەنئىتىنى كۆپ خىللاشتۇرغان. ئۇ «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ بوۋىسى.
ئۇ يېڭىسار سېرك ئۆمىكىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1970- يىلى 4- ئايدا يېڭىساردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سېرك ئۇستىسى ــــ ليۇ فۇسىڭ

ليۇ فۇسىڭ 1918- يىلى 11- ئايدا سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دەنشەن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ گەرچە خەنزۇ بولسىمۇ، لېكىن يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن 36 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بارلىقىنى شىنجاڭ سېرك سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بېغىشلىغان.
ليۇ فۇسىڭ ئادىل ھوشۇرنىڭ سېرك ئاساسىي مەشىق ئۇستازى بولۇپ، ئۇ ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە سېرك ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ھوشۇرئاخۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، زۇنۇن قۇربان، ليۇ فۇسىڭلار كىچىك ئادىل ھوشۇرغا سېركچىلىك ۋە دارۋازلىقنى ئۆگەتكەن.
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ «خېبېي يۇڭشېڭ سېرك ئۆمىكى» تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويغان. بۇ جەرياندا شىنجاڭدىكى دارۋازلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا

قوشۇلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1971- يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك سىرك ئۆمىكى قايتا قۇرۇلغاندا، دارۋازلارنىڭ سىركچىلىك ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشىگە زور تۆھپە قوشقان. كىشىلەر ئۇنى لىيۇ ئۇستاز دەپ ئاتاشقان. ئۇ 1993- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ماھىر ئۇستاز، دارۋازلار تەشكىللاتچىسى — زۇنۇن قۇربان ھاجى

زۇنۇن قۇربان ھاجى 1922- يىلى 6- ئاينىڭ 16- كۈنى پەيزىئاۋات ناھىيىسىنىڭ مىشا يېزىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى زۇنۇن قۇربان بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى زۇنۇن جانباز دەپمۇ ئاتىشىدۇ. زۇنۇن قۇربان ھاجى كىچىك ۋاقتىدا ناغرا، سۇناي، دۇمباق ... قاتارلىق چالغۇلارنى ناھايىتى ياخشى چالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى توي - تۆكۈن، بايرام ۋە تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ قىلىپ ساز چالغۇزغان.

ئۇ ھاشىم ھاجىدىن قالسا ئازادلىقتىن كېيىن داۋازلىق سەنئىتىنى قوتۇلدۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر جان كۆيدۇرۇپ ئىشلىگەن ماھىر دارۋاز تەشكىللاتچىسى، ئۇ ھۆشۇر دارۋازنىڭ باجىسى.

1953- يىلى ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بىر قىسىم

زۇنۇن قۇربان ھاجىنىڭ جاپالىق قان - تەرى، ئۆچمەس ئەجرى سىڭگەن.

ھازىر 81 ياشقا كىرگەن زۇنۇن قۇربان ھاجى گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، قىلچە بوشاشماي يېڭى بىر ئەۋلاد دارۋازلارنى تەربىيلەش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشماقتا.

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن— زۇنۇن قۇربان ھاجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ نەۋرە ئاكىسى. ئۇ تۇنجى بولۇپ بەشىنچى ئەۋلاد دارۋازلاردىن دارۋازلىق كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئەزىمەت.

رەيھانگۇل زۇنۇن— زۇنۇن قوربانىنىڭ قىزى، ئادىل ھوشۇرنىڭ نەۋرە سىڭلىسى، ئۇ ھازىرقى زامان قىز دارۋازلىرىنىڭ بىرى.

## دارۋازلارنىڭ يولچىسى — مىجىت ساۋۇت

كىشىلەر ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، مىجىت ساۋۇت ئەپەندىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇنى «قالتىس كىشى»، «دارۋازلارنىڭ يولچىسى» دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ 34 يىللىق ھاياتىدا ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلققە رازى بولغۇدەك جاۋاب قايتۇرغان مېھنەت ئىگىسىنىڭ بىرى. ئۇ

مىجىت ساۋۇت 1945- يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق سەنئىتىگە زور ئىشتىياق باغلىغان. 1967- يىلى بېيجىڭ تىياتىر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. 1976- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا شىنجاڭنىڭ تىياتىر كەسپىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، ئۇلارنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، پېشقەدەملەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىر ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1984- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1999- يىلىغىچە شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، شىنجاڭنىڭ سىرك سەنئىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ئۇ تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ تەتقىق قىلدى. كۆپ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت، يىراق يېزىلىرىنىڭ كەنتلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، دارۋازلارنىڭ ئەھۋالىنى بىرمۇبىر ئىگىلەپ خاتىرە قالدۇردى. ئادىل ھوشۇر جەمەتىنىڭ تارىخى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇپ، ئۇنى مۇكەممەل ئاساسقا ئىگە قىلدى. دارۋازلىقنى تەتقىق قىلغانسېرى، دارۋازلىققا بولغان قىزىقىشى شۇنچە كۈچىيىپ باردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي ئىزىشچانلىق



1.4-رەسىم. مىجىت ساۋۇت خىزمەت ئۇستىدە

تۇرغان دارۋازلارنى دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دارۋازلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

مىجىت ساۋۇت دارۋازلارنى باشلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ 20دىن ئارتۇق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 30دەك شەھرىدە ئويۇن قويۇشقا تەشكىللىدى. ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، دارۋازلىق سەنئىتى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، مىليونلىغان ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1997- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى مىجىت ساۋۇت ئەپەندىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن ئادىل ھوشۇر سەنشىيادىن مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، تۇنجى قېتىم دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بارغان بىر

نەچچە قېتىملىق دارۋازلىق پائالىيىتىنى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئادىل ھوشۇر مىجىت ساۋۇتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بوگۇنكىدەك كۆڭگە ئېرىشىشىمدە مىجىت ساۋۇت ئاكىنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور. ئەگەر ئۇ شۇتا بولۇپ مېنى كۆككە كۆتۈرمىگەن بولسا، مەن پەلەك شاھى بولالمىغان بولاتتىم. شۇڭا، مىجىت ساۋۇت ئاكىنىڭ مېنى قوللىغىنىغا، ياردەمدە بولغىنىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا مىجىت ساۋۇت ئاكىغا ئوخشاش ھەقىقىي ئادىمىلىك قىممىتى بار كىشىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.»

مىجىت ساۋۇت ئەپەندى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دارۋازلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، دارۋازلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ نامى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن كوئېنلۇن تاغ ئېتەكلىرىگىچە يېتىپ باردى.

2003- يىلى 6- ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىدىكى دېھقان مەمتىمىنئاخۇن مىجىت ساۋۇتقا خەت يېزىپ: «ئاز تېپىلىدىغان ئاجايىپ كىشى ئىكەنلا» دەپ ماختىدى. خەلقنىڭ باھاسى مىجىت ساۋۇتقا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مۇكاپات. گەرچە ئۇ دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دارۋازلىق سەنئىتىگە بولغان ئۆچمەس مۇھەببىتى ھېلىمۇ يالقۇنجاپ تۇرماقتا.

مانا بۇلار «دارۋازلارنىڭ يولچىسى» دەپ نام ئالغان، ئۇيغۇر

# بەشىنچى باب

## پەلەك شاھى ــــ ئادىل ھوُشوُر

جوُڭخوُا ئوغوُل - قىزلىرىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، مەملىكەتلىك خەلق قوُروُلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جوُڭگو سىېركچىلەر جەمئىيىتىنىڭ موُئاۋىن رەئىسى، دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك ئارتىس، شىنجاڭ سىېرك ئۆمىكىنىڭ ياش دارۋاز ئارتىسى، شىنجاڭ ئوُيغوُر ئاپتونوم رايونى بويىچە كۆزگە كۆروُنگەن 10 موُنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوُشوُر ئوُيغوُرلارنىڭ 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە دارۋازلىق سەنئىتىنى يوُقىرى پەللىگە كۆتۈروُپ، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە زور زىلزىلە قوزغىدى. ئادىل ھوُشوُرنىڭ ئۆسوُپ يېتىلىشى، دارۋازلىق ماھارىتى، مىجەز - خاراكتېرى، ئەقىل - پاراسىتى، روھىي دوُنياسى، كىشىلىك قىممەت قارىشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن تونوُشوُش ۋە ئوُنى تەتقىق قىلىش بوُگوُنكى كوُندە رېئاللىقنىڭ تەقەززاسى بولوُپ قالدى.

ئادىل ھوُشوُر 1971- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كوُنى يېڭىسار ناھىيىسىدە دوُنياغا كەلگەن. ئوُ 1979- يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك سىېرك ئۆمىكىگە شاگىرتلىققا قوبوُل قىلىنىپ، ئاكىسى ھەسەنجان ھوُشوُر ۋە زوُنوُن قوُربانلارنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن سىېرك ۋە دارۋاز ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. ئوُ دەسلەپتە ئوُزوُنلوُقى

بەش ـ ئون مېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ ـ تۆت مېتىر كېلىدىغان داردا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بولسا، كېيىن ئۇزۇنلۇقى 20~30 مېتىر، ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان دار ئۈستىدە تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان، ئاددىي ماھارەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

ئۇ 1981- يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك سىرك ئۆمىكى تەركىبىدە غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ دارغا چىقىپ، غۇلجا خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ ئۆزىنى بەكمۇ ئالقىشلاۋاتقانلىقىنى، تەسىر دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە كۈنىگە ئون نەچچە سائەت مەشىق قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. نەچچە قېتىم داردىن يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ مەشىق قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، يېتىشكەن دارۋازلاردىن بولۇپ قالغان.

1985- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئادىل ھوشۇر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ئۇرۇمچى نەنمىنگ تەنتەربىيە سارىيىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق پائالىيەت بىلەن جانلىنىپ كەتكەنىدى. بايراملىق كىيىم كىيگەن ھەر مىللەت ئاممىسى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ «توي»غا تەنتەنە قىلىۋاتقان خۇشاللىق مىنۇتلاردا،

ئاجايىپ نەپىس ماھارەتلەرنى ئورۇنداپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1986- يىلى ئۆچىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ شىنجاڭ تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، يېغىن تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن «بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرلارنىڭ دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېگىز بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، تەشكىلىي كاپالەت ۋە ئىقتىسادىي مەنبە بىلەن تەمىن ئەتتى. 1990- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىسار ناھىيىلىك سېرك ئۆمىكىنى ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكى تەركىبىگە ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ دارۋازلىقىدا يېڭى بىر شانلىق سەھىپە ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادىل ھوشۇر چەكسىز ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلىدى.

1991- يىلى 5- ئاينىڭ بېشىدا، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ئەترىتى شاڭخەي شەھىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «جۇڭسەن» باغچىسىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە

20 ياشقا كىرگەن كۈنى بولۇپ، ئۇ باغچا مەيدانىغا تارتىلغان 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دار ئۈستىدە سول قولى بىلەن تىك تۇرۇش، بېشىغا تەخسە ئېلىپ مېڭىش، كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش، تاق چاقلىق ۋېلسىپىت ھەيدەش، يورغىلاپ يۈگۈرۈش... قاتارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ، «جۇڭسەن» باغچىسىنى، ھەتتا پۈتۈن شاڭخەينى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دارۋازلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن بەزى شاڭخەيلىكلەر «ئادىل ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى، دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان تەڭدىشى يوق قالتىس ئەزىمەت ئىكەن» دېيىشتى. ئۇ داردا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئارغامچا ئۈزۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ماھارىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي داڭ قېتىپ قالغان نەچچە مىڭ تاماشىبىن كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن چۆچۈپ كەتتى. قايغۇغا چۆمگەن تاماشىبىنلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، ئۇنى ئورىۋېلىپ، كۆز يېشى قىلىشتى.

ئۆمەك باشلىقى مىجىت ساۋۇت قاتارلىق كىشىلەر ئادىلنى دەرھال ماشىنا ئارقىلىق چاڭنىڭ رايونى تۇڭرېن دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ بەل، ئومۇرتقا، ئوقرەك، كۆكرەك، پۇت - قوللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 17 يېرىنىڭ سۇنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ھەم جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى بىر نەچچە كۈنگىچە 38°تىن چۈشمىدى. ئۇ پات-پات ھوشىدىن كېتەتتى، يۈرىكى ئېگىز-پەس سوقۇپ تۇراتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولۇپ، ئەزرائىل ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى. شاڭخەي شەھىرى بىلەن چاڭنىڭ رايونىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر

ئىككەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئاخىر تۇغۇت دوختۇرخانىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغان بىر مۆجىزە يۈز بەردى. ئادىلنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دارىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، 17 يېرى سۇنغان بۇ يىگىتنىڭ ھايات قېلىشى تۇغۇت دوختۇرخانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتۈن شاڭخەي شەھىرى ئۈچۈنمۇ بىر مۆجىزىگە ئايلاندى. كىشىلەر بىر تەرەپتىن ئادىلنىڭ ھايات قالغانلىقىدىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، كەينى ـ كەينىدىن دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى. ئۇ يەتتە ئايدەك داۋالىنىش ئارقىلىق سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ئورۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن دارۋازلىق بىلەن قەتئىي شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭغا تىرىكچىلىكنىڭ باشقا يوللىرىنى كۆرسەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ دارۋازلىق ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى: «رەھمەتلىك ئاتام ھوشۇر موسا ھايات ۋاقتىدا مېنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇستا دارۋاز بولۇشۇمنى خالىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقىي دارۋاز بولۇشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل، جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئوينايدىغان خەتەرلىك ھەم ئازابلىق ئويۇن ئىككەنلىكىنى ئويلاپ، دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانىدى. ئاتام ئېيتقاندەك دارۋاز دېگەن بۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئاسان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزنى نەقەدەر ئېغىر ـ ھە؟ ئادەم بۇ دۇنياغا يارالغانىكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە

تەۋەككۈل قىلالايدىغان، تاغدەك مۇشكۈلنى يېڭەلەيدىغان شىر يۈرەك ئەزىمەت بولۇشى، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدىغان، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئالىيجاناپ روھنى يېتىلدۈرۈشى، قىسقىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى شۇم ئەجەل ئالدىدا مەن ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىدىم دېيەلىشى كېرەك». ئادىل يەنە مۇنۇلارنى ئېيتىدى: «مەن بىر قېتىم دارىدىن يىقىلىپ چۈشۈش بىلەن ئىككىنچى قېتىم دارغا چىقالمىسام، خەلقىمگە، جەمەتىمگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئەلۋەتتە ئەۋلاد دارۋاز جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلمىغان بولىمەن. بۇ، جەمەتىم ۋە مەن ئۈچۈن ئېيىبتۇر. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى، روھىمدا تاشقىنلاۋاتقىنى غالىبلىق روھى. ئۇستا دارۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىم ئۈچۈن مەندە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جاسارەت بولۇپلا قالماي، يەنە كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسەت ۋە ماھارەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، مەن ئىسمى-جىسمىمغا لايىق ئادىل ھۆشۇر بولالايمەن». ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى، دارۋازلىققا بولغان ئىشەنچ ۋە غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. تېنىدىكى سۇنۇقلار تېخى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا، دارۋازلىق مەشقىگە قايتىدىن كىرىشىپ كەتتى.

ئادىل تەكلىپكە بىنائەن 1993- يىلى مالايسىيادا، 1996-، 1997- يىلى ئۇدا ئىككى يىل ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئويۇن كۆرسەتتى. ھاياتىدا دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرۈپ باقمىغان بەزى تاماشىبىنلار «ئادىل دۇنيادىكى تەڭداشسىز دارۋاز ئىكەن» دېيىشىپ، ئۇنىڭ كارامىتىدىن ھەيران قالدى ھەمدە داۋاملىق

ئادىلنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىقنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا تاشلىغان تۇنجى قەدىمى بولۇپ، ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان زور ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئۇ 1995- يىلى 9- ئايدا شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسىدە ئۇ ئاساسلىق رول ئالغان ئۇيغۇر دارۋازلىق ئويۇنى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئېگىزلىكتىكى ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسىتىش نومۇرى «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1996- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى گۇاڭجۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئادىل ھوشۇر 96-يىللىق خەلقئارا ئەجدىھا كېمىسى مۇسابىقىسى ۋە گۇاڭجۇ شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 210 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئۇ بۇ جەرياندا گۇاڭجۇنىڭ جۇجياڭ دەرياسى بوشلۇقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 224 مېتىر، ئېگىزلىكى30 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، جۇڭگو بويىچە تۇنجى قېتىم پولات ئارغامچىدا مېڭىپ دەريادىن ئۆتكەن بىردىنبىر كىشى بولۇپ قالدى.

1995- يىلى 10- ئاينىڭ 28- كۈنى كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئادىل ھوشۇر شۇ كۈنى كەچتە تېلېۋىزوردىن كانادالىق كاكرىننىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان ئارغامچىدىن 53 مىنۇت 10 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بىرتەرەپتىن 38 يىلدىن بېرى داردا

«بىر چەت ئەللىك جۇڭگو زېمىنىدا مۇشۇنداق كاتتا نەتىجە ياراتقان يەردە 1 مىليارد 300 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇسقا ئىگە جۇڭگودىن ئۇنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىيالىغۇدەك بىرەر كىشى چىقماسمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاخىر كاكرىنغا جەڭ ئېلان قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇيۈك ئارزۇ - ئىستەكلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادىل ھۇشۇر 11- ئاينىڭ 6- كۈنى يۈننەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئون نەچچە تۈرلۈك دار ماھارىتىنى يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇنداپ، يېڭى شەكىلىي ھەيئىتى ۋە نەچچە مىڭ تاماشىبىننى ھەيران قالدۇردى. 11- ئاينىڭ 8- كۈنى ئۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئىشەنچ بىلەن: «مەن 40 مىنۇت ئەتراپىدا سەنشيادىن ئۆتۈپ كاكرىن ياراتقان دۇنيا جېنىس رېكورتىنى يېڭىلاپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرىمەن» دەپ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

كاكرىن 1944- يىلى كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1951- يىلى يەتتە ياش ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىش ماھارىتىنى كۆرۈپ، پولات ئارغامچىدا مېڭىش ئىستىكى پەيدا بولغان. 1958- يىلى 14 ياش ۋاقتىدا ئائىلىسىدىن چىقىپ كېتىپ، خان جەمەتى خەننا فۇدې چەۋەندازلار ئۆمىكىگە كىرگەن. 1960- يىلى پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىش مەشىقىنى باشلىغان. 1963- يىلى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئويۇن كۆرسەتكەن. 1965- يىلى بىر قېتىملىق ئويۇن كۆرسىتىشتە 90 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتكەن. دوختۇر ئۇنى بىر ئۆمۈر ھاسىغا تايىنىپ

كەسپى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1970- يىلى زال ئىچىدە ئويۇن قويۇشتىن سىرتتا ئويۇن قويۇشقا ئۆتكەن. كۆزنى تېڭىپ 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پولات ئارغامچىدا ماڭغان. 1971- يىلى تورونتو شەھىرىدىكى 50 قەۋەتلىك ئىككى بىنانىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن، بۇنىڭ ئېگىزلىكى 125 مېتىر كېلىدۇ. 1970- يىلى كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە ئۇزۇنلۇقى 25 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا مېڭىپ دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان. 1995- يىلى جۇڭگودىكى سەنشيا بوغۇزىدا ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئېگىز پولات ئارغامچىدا مېڭىپ رېكورت ياراتقان.

كانادادا تۇرۇپ ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئادىل ھوشۇرنىڭ بۇ خەۋىرىنى ئاڭلىغان كاكرىن ئۇنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈشىنى بار كۈچى بىلەن توسماقچى بولدى. سەنشيادىكى ھاۋا بوشلۇقىغا پولات ئارغامچا تارتىش ئۈچۈن 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن خەجلىگەن كاكرىن مۇسابىقە تەشكىلى ھەيئىتىگە «ئادىل ئەگەر مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان بولسا، پولات ئارغامچا ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالدى. بىراق كاكرىننىڭ بۇ تەلىپى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇ سەنشيادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، پولات ئارغامچىنى فىگجىيې ناھىيىلىك ساياھەت- مەدەنىيەت ئىدارىسىگە 50 مىڭ يۈەنگە سېتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى فىگجىيې ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى. كېيىن بۇ پولات ئارغامچىنىڭ

بۇ يان سىمنى قايتا تارتىش ئۈچۈن بىر مىليون 216 مىڭ يۈەن تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئادىلنىڭ سەنئىشيادىن ئۆتۈشى بىر مەزگىل كېچىكتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىېرك ئۆمىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى، چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى، مىجىت ساۋۇتنىڭ قوماندانلىق قىلىشى ئارقىلىق 1997- يىلى 6- ئاينىڭ 20- كۈنى 36 دانە يان سىم پۈتۈنلەي تارتىلىپ، بۇ كاتتا قۇرۇلما 80 مىڭ يۈەن بىلەن تاماملاندى. شىياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش ھارپىسىدا ئادىلنىڭ دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يېڭىلاپ، ۋەتەن، خەلقكە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىستىكىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا بىر كۈنلا قالغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭغا كۆز تىكمەكتە ئىدى.

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن دەقىقىلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. 1997- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت دەل 11 بولغاندا، بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا رەققاسلار كىيىمى، پۇتىغا دارۋاز ئۆتۈكى كىيگەن ئادىل ھۇشۇر ئۇزۇنلۇقى 9. 8 مېتىر، ئېغىرلىقى 2. 12 كىلوگىرام كېلىدىغان تەڭشەكنى ئېلىپ، دېئامېتىرى سەككىز مىللىمېتىرلىق پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىقتى. ئەتراپتىكى 50 مىڭغا يېقىن تاماشىبىننىڭ كۆزى بىر

شاۋقۇنى قوشۇلۇپ ئەتراپ سۈرلۈك تۈس ئالدى. زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان تەگرىتاغ بۈركۈتى ئادىل ھوشۇر خۇددى داغدام يولدا ماڭغاندەك قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ،ئالتە مىنۇتتىلا پولات ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ باردى. كىشىلەر شىنجاڭلىق بۇ ئۇيغۇر ئەزىمەتنىڭ ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشىپ كەتتى.

ئادىل تەگشەكنى چۈشۈرۈپ يەنە 400 مېتىر ماڭغاندىن كېيىن، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ تەگشەكنى تېز ئاستىغا چۈشۈردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەيران قالغان تاماشىبىنلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئاخىرقى پەللىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى. ئەتراپتا چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئالقىش ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى ئادىل ھوشۇر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان ئېگىزلىكى 405 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 646 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، 1995- يىلى 10- ئاينىڭ 28- كانادالىق كاكرىنىڭ 53 مىنۇت 10 سېكۇنتلۇق دۇنيا جېنىس رېكورتىنى تۆت ھەسسىگە يېقىن ۋاقىت پەرقى بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا جېنىس رېكورتىنى يېڭىلىدى.

1997- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان بۇ جەدۋەلدە مۇنداق يېزىلغان:

| تۈر | كاكرىن | ئادىل ھوشۇر |
|---|---|---|
| تاماملىغان ۋاقتى | 53 مىنۇت<br>10 سېكۇنت | 13 مىنۇت<br>48 سېكۇنت |
| يېشى | 51 | 26 |
| نىكاھلىنىش ئەھۋالى | توي قىلمىغان | توي قىلغان |
| ماھارەت ستاژى | 38 | 18 |
| نەق مەيدانغا كېلىش ئۇسۇلى | تىك ئۇچار ئايروپىلان | تېپىلىش خادىسى ۋە پىيادە |
| پائالىيەت راسخوتى | 20 مىليون يۈەن | 400 مىڭ يۈەن |
| كۆرگەن تاماشىبىنلار سانى | 20 مىڭ | 30 مىڭ |
| تەگشەك خادىسىنىڭ ئېغىرلىقى | 27 كىلوگرام | 12 كىلوگرام |
| تەگشەك خادىسىنىڭ تىپى | بىرىكمە تىتان | بىرىكمە ئاليومىن |
| تەگشەك خادىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى | 13 مېتىر | 8.9 مېتىر |
| ماھارەت كۆرسىتىش قىياپىتى | جىددىي، سىرلىق | لەرزان، بىمالال |
| ماھارەت كۆرسەتكەندە كىيگەن كەش | زىيادە نېپىز كەش | چەملىك كەش |
| ياندىن تارتىلغان ئارقان | 72 جۈپ، تۇراقلىق | 36 جۈپ، لەڭ ئۇرۇپ تۇرىدىغان |

1997- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى ئادىل ھوشۇر ئۈچۈن قوش خۇشاللىق كۈن بولدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقى بىلەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ دەل ئادىل ھوشۇرنىڭ 26 ياشقا تولغان قۇتلۇق كۈنى بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، جۇڭگو سىركچىلەر جەمئىيىتى... قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە چاي بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. 7- ئاينىڭ 4- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تيېيىڭ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭنەنخەيدە ئادىل بىلەن كۆرۈشتى. لى تيېيىڭ ئالدى بىلەن گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن «پەلەك شاھى» ئادىلنى تەبرىكلىدى. لى تيېيىڭ ھاياجىنىنى باسالماي: «ئادىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئوبرازىنى دۇنياغا قايتا نامايان قىلدى. بىز مۇشۇنداق ئوغلانلار بىلەن پەخىرلىنىمىز...» دېدى.

7- ئاينىڭ 24- كۈنى ئادىل ھوشۇر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ

تارماقلارنىڭ مەسئۇلى ئادىل بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مىجىت ناسىر ھاياجانلانغان ھالدا قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ۋە ئالىي ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەشرەپ ئويناپ تەنتەنە قىلدى. بەزىلەر ھاياجىنىنى باسالماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. كىشىلەر ئادىلنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشكىنىچە ئايرودورومدىن ئېلىپ چىقتى. شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جەنۇبىي ئازادلىق يولىدا نەچچە يۈزمىڭلىغان ئامما ئادىل ھۇشۇرنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىگىچە ئېلىپ كەلدى. بۇ قايناق مەنزىرىدىن تەسىرلەنگەن ئادىل ھۇشۇرنىڭ ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالدى. خەلق ئادىل ھۇشۇردىن چەكسىز مىننەتدار بولدى، ئادىل ھۇشۇرمۇ ئۆز خەلقىدىن چەكسىز پەخىرلەندى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن ئادىل ھۇشۇرنى مەخسۇس قوبۇل قىلدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئادىل، ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئىكەنسەن، سېنىڭ بۇ قېتىمقى پائالىيىتىڭ بىر ئالىيجاناب ھەرىكەت بولدى، سەن شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا مىللىتىمىزنى، خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتتۇڭ، سېنىڭ بۇنداق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ، بىرىنچىدىن، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭدىن بولدى؛ ئىككىنچىدىن، خەتەردىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماس ئالىيجاناب،

يارىدىمىدىن، بولۇپمۇ چوڭچىلىك شەھىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىدىن بولدى. سەن بۇ يىل ئەمدىلا 26 ياشقا كىرىپسەن، بۇ نەتىجە سەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر باشلىنىش، بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن، خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ نەتىجە، شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.»

7- ئاينىڭ 25- كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق تىياتىرخانىسىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، ئادىل ھوشۇرنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا «پەلەك شاھى» دەپ نام بەردى. نەق مەيداندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئادىل ھوشۇرنى 100 مىڭ يۈەن نەق پۇل ۋە بىر يۈرۈش ئۆي بىلەن، مەدەنىيەت نازارىتى 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

يىغىن زالىغا «ئادىلنىڭ چاگجىياڭ دەرياسىدىكى ئۈچ بوغۇزدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن پىلاكات ئېسىلغانىدى. بويىنىغا گۈل چەمبىرەك ئېسىلغان ئادىل ھوشۇر رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ كەلگەندە، زالدىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ زالنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ئالقىش ياڭراتتى، كىشىلەر بەس - بەس بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭغا دەستە - دەستە گۈل تەقدىم قىلدى، چاچقۇ چاچتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى سۇ تيەنخۇ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولداش ئادىل ھۇشۇرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇغاندا، زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىدى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز باقى ئادىل ھۇشۇرنىڭ بېشىغا دوپپا، ئۈستىگە تون كىيگۈزۈپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغاندا، زالدىكى پۈتۈن ئامما ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق يولداشلار چەكسىز ھاياجان ئىچىدە «ئادىل ياشىسۇن! ئادىلغا بارىكاللا!» دەپ توۋلاشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلار بىردەك مۇنداق قاراشقا كەلدى: «ئادىل ھۇشۇر ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چەت ئەللىكلەر قىلالىغان ئىشنى جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.»

يىغىندا يەنە دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن تەبرىك تېلېگراممىلاردىن بىر نەچچە پارچىسى تاللاپ ئوقۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1997- يىلى 7- ئاينىڭ 25- كۈنىدىكى «يولداش ئادىل ھۇشۇرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق دېيىلگەندى: «شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ئارتىسى يولداش ئادىل ھۇشۇر كانادالىق ‹پەلەك شاھزادىسى› كاكرىنغا جەڭ ئېلان قىلىپ، 1997- يىلى 6- ئاينىڭ 22- كۈنى چاڭجياڭ

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار، مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتتى، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن سوۋغا تەقدىم قىلدى. ئادىل ھوشۇرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئۇنىڭ كەسىپنى قىزغىن سۆيۈش، تۆھپە يارىتىشقا ئىرادە باغلاش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك ئالىيجاناب ئىدىيىسىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئۇنىڭ ئادەتتە قىيىنچىلىقتىن قورقماي جاپاغا چىداپ مەشىق قىلغانلىقىنىڭ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يولداش ئادىل ھوشۇرنىڭ باتۇرلارچە ئېلىشىش، كۆرەش قىلىش روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇنۇلارنى قارار قىلدى:

1. يولداش ئادىل ھوشۇرغا «پەلەك شاھى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلىدۇ.

2. 100مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

3. بىر يۈرۈش ئۆي بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ دارۋاز ئارتىسى ئادىل ھوشۇرنىڭ مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، يەنىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى يولداش ئادىل ھوشۇرنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، خىزمەت ئورنىنى

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشتەك باتۇرانە غەيرەت ـ شىجائىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشقا چاقىرىدۇ.»

1997- يىلى ئادىل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتقاندىن كېيىن، 1998- يىلى 1- ئاينىڭ 18- كۈنى تۆت بال شامال، نۆلدىن تۆۋەن ئۈچ گرادۇس سوغۇققا قارىماي، ئېگىزلىكى 20 نەچچە قەۋەت كېلىدىغان بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە سارىيى بىلەن سۇ ئۈزۈش سارىيى ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئېگىزلىكى 80 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 120 مېتىر، توملۇقى 2.4 سانتىمېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسەتتى. پولات ئارغامچىدا تەخمىنەن ئون مىنۇتتەك ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا ئۇسسۇل ئوينىدى.

1998- يىلى 3- ئاينىڭ 22- كۈنى چىڭداۋ توگيۈەن سارىيى بىلەن ئاسىيا تىنچ ئوكيان مەيدانى ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، ئېگىزلىكى 90 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئالدى-كەينىگە مېڭىش، كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش قاتارلىق ئورۇنداش قىيىن بولغان ھەرىكەتلەرنى 12 مىنۇت 30 سېكۇنتتا ئورۇنداپ بولدى.

2000- يىلى 10- ئاينىڭ 6- كۈنى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭشەن تېغى ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز باغرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر كاتتا مۆجىزىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دېڭىز يۈزىدىن 1290 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جۇرۇڭ چوققىسى بىلەن فۇرۇڭ چوققىسى خۇددى ئادىل

كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا، يەنى ئۆز نەزىرىدىكى ئالاھىدە بىر شەخس «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرغا تىكىپ ئۇنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

«پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ خېكشەن تېغىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن مېڭىش بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتىغا جەڭ ئېلان قىلىش مۇسابىقىسى باشلىنىشقا ئاز قالغان پەيتتە، ئاسماننى بارغانسېرى تۇمان بېسىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇماننىڭ تارقىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى . جۇرۇڭ چوققىسى بىلەن فۇرۇڭ چوققىسىنىڭ ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى بىر مىڭ 389 مېتىر، ئېگىزلىكى 436 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا تۇمانلار ئارىسىدا خۇددى ئادەمنىڭ چۈشىدىكى پىلسىراتقا ئوخشاش تولىمۇ سىرلىق ھەم ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. پۈتۈنلەي پولات سىمدىن ئېشىلگەن دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 10 تونىنا كېلىدىغان بۇ پولات ئارغامچا جۇرۇڭ چوققىسى بىلەن °12لۇق، فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن °25لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ تارتىلغانىدى. بۇ پولات ئارغامچىدىن مېڭىپ ئۆتۈش ۋاقتى ئەسلى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت ئىككىدە باشلانماقچى ئىدى، لېكىن ھاۋانىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈش بىلەن ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. سائەت ئۈچتىن ئازراق ئاشقاندا، ئاسمان بىر ئاز سۈزۈلۈپ ئىككى چوققىنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى ئاشتى. چىرايلىرىغا شادلىق يۈگۈرگەن ئاما ئالقىش ـ چاۋاكلارنى ھەم داقا ـ دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، قىزىل رەڭلىك رەققاسلار كىيىمى، ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن ئادىل

ئامانلىق تىلىشىپ ئۆزىتىپ قويدى. پولات ئارغامچىدىن مېڭىپ ئۆتۈش رەسمىي باشلاندى. قولىدا 12.5 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى تەڭشەك تۇتقان ئادىل ھوشۇر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ يۈكسەك ئىرادە، زور ئىشەنچ بىلەن جۈرئەتلىك چوققىسىدىن فۇرۇق چوققىسىغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىدى.

خۇنەن ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئادىل ھوشۇرنىڭ پولات ئارغامچىدىن مېڭىپ ئۆتۈش ماھارىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەق مەيداندا بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسەتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا خۇنەن ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقاتقان سىگنالدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ تاپتا نەق مەيداندىكى نەچچە مىڭ ئاممىۋە مىڭلىغان تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ يۈرىكى پولات ئارغامچا ئۈستىدە كېتىپ بارغان بۇ تەڭرىتاغ ئوغلىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش تېز - تېز سوقماقتا. كىشىلەر ئادىل ھوشۇردىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ شەخسنىڭ ماھارىتى ۋە ھەر قانداق خەۋپ- خەتەردىن قورقماسلىقتەك جەسۇرانە روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماقتا. ئۇنىڭغا مەدەت تىلىمەكتە. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادىل ھوشۇر خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش ئىككى چوققا ئارىسىدا لەرزان پەرۋاز قىلماقتا. ئۇ ئاستا - ئاستا تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى. قېرىشقاندەك ئازراق يامغۇر يېغىپ پولات ئارغامچىنى تېيىلغاق قىلىۋەتتى . ئۇ مۇساپىنىڭ يېرىمىنى مېڭىپ بولاي دېگەندە تۇمان تېخىمۇ كۆپىيىپ، كۆز ئالدىدىكى ئىككى - ئۈچ مېتىر ئارىلىقنىمۇ كۆرەلمىدى. يان سىمنىڭ توختىماي تەۋرىنىشى پولات ئارغامچىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مېڭىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ يەتتى. ھېچقانداق بىخەتەرلىك

تەدبىرى قوللانمىغان ئادىل ھوشۇر ئادەمنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

بىر قەدەم، ئىككى قەدەم... ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى دۇنيا جىنىس رېكورتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تېلېۋىزوردىن ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار كەم تېپىلىدىغان بۇ سۆيۈملۈك ئوغلاننىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. بەزىلىرى ئىسسىق كۆز يېشى قىلىپ، ئادىل ھوشۇرغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بۇ قېتىمقى ئارىلىق سەنىشيادىكى ئارىلىقتىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولغاچقا، خەۋپ ـ خەتەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ مۇساپىنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولدى. يان سىم توختىماي تەۋرەنمەكتە. تۇمانمۇ كۆپەيمەكتە... ئايروپىلان پولات ئارغامچا ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇماننى تارقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمىدى. تۇماننىڭ كۆپلۈكىدىن ئادىل ھوشۇرنىڭ سىماسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. تېلېۋىزور ئېكرانىدا پەقەت قويۇق تۇمانلا كۆرۈندى. ۋەھىمىگە پېتىپ ئولتۇرغان كىشىلەر ئادىل ھوشۇرنىڭ «مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار. مەن چوقۇم شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن. قويۇق تۇمان، پولات ئارغامچىنىڭ تەۋرىنىشى سۈرئىتىمگە تەسىر يەتكۈزدى. ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا بىر نەچچە ماھارەت كۆرسەتمەكچى ئىدىم. مەندىن ئەنسىرىمەڭلار. مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

غالىب كېلىش روھى بىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى» دېيىشتى.

ۋاقىت تەقەززالىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم... ئۇ ئاخىر تۇمانلار ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈندى. ئەتراپتا ياڭرىغان قىيقاس ـ چۇقانلار تاغ چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادالارنى پەيدا قىلدى. كىشىلەر خۇددى ئادىل ھوشۇرنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. خېگىشەن تېغىدىكى تۇمانلار ئاستا-ئاستا تارقاپ ئاسمان سۈزۈلۈشكە باشلىدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ۋەھىمە قاپلىغان چىرايلىرىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. ئىككى پۇتىنى ئەپچىللىك بىلەن رىتىملىق ئالماشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىل ھوشۇر قىلچە چارچىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئادىل ھوشۇر ئاخىرقى پەللىگە 10 نەچچە مېتىر قالغاندا، تەگشەكنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ تاماشىبىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى سول پۇتىغا چۈشۈرۈپ، تەگشەكنى سول قولىدا كۆتۈرۈپ قالتىس بىر ماھارەت كۆرسەتتى. كېيىن تەگشەكنى مۈرىسىگە ئېلىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈت سىياقىغا كىردى. ئۇ 1 مىڭ 389 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 52 مىنۇت 13 سېكۇنتتا ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرى ساداسى پۈتكۈل خېگىشەن تېغىنى بىر ئالدى. ئامىنىڭ تەبرىك سۆزلىرى، كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن تېلېفونلار بىردەممۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. خېگىشەن تېغى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. گۇۋاھلىق بەرگۈچى خادىملار گۇۋاھلىق سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە دۇنيا جىنىنىس رېكورتى كومىتېتىنىڭ شاڭخەيدىكى باش شتابى ئادىل ھوشۇرغا «قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، خەۋپ ـ خەتىرى كۆپ، ئەڭ

ئېگىز، ئەڭ ئۇزۇن پولات ئارغامچىدىن ھېچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرى قوللانماي قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىق گۇۋاھنامىسى»نى بەردى. ئۇنىڭ بۇ كاتتا شان ـ شەرىپى پۈتۈن مەملىكەتتە زور زىلزىلە قوزغىدى. ئادىل ھوشۇر مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا «بۇ مېنىڭلا رېكورتىم بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ رېكورتى» دېدى.

ئۇ 2000- يىلى يېڭى يىل كېچىسى سائەت 12 دە، شاڭخەي چاڭشا يولىدىكى شيا مېھمانسارىيى بىلەن جۈيىن تۇرلۇك ماللار شىركىتى بىناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 130 مېتىر، ئېگىزلىكى 40 مېتىر پولات ئارغامچىدا ماھارەت كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم كېچىدە ماھارەت كۆرسىتىشى ئىدى.

2001- يىلى 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئادىل ھوشۇر خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭياڭ شەھرىدىكى نەنيا تېغىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 260 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 66 مېتىر، يانتۇلۇقى °31 كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن بەش مىنۇت 36سېكۇنتتا ئۆتۈپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈش بويىچە دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى . شۇ كۈنلەردە نەنيا تېغىدا توختىماي يامغۇر يېغىپ پولات ئارغامچىنى تېيىلغاق قىلىۋەتكەچكە، بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ، پولات ئارغامچىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى °45 تىن °31قا چۈشۈرۈلگەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۈرۈمچى ۋاقتى 12 دە پولات ئارغامچىغا چىقىپ ھەر خىل قىيىن ماھارەتلەرنى ئورۇنداپ، ئاخىرقى نۇقتىغا ئۈچ مېتىردەك قالغاندا قولىدىكى تەڭشەك ياندىكى دەرەخ شېخىغا تېگىپ كەتكەچكە تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، ئارىلىقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان

يەرگە چۈشۈپ كەتكەن . لېكىن ئۇنىڭ بەدىنى زەخىملەنمىگەن. ئۇ دەرھال پولات ئارغامچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتا بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم بەش مىنۇت 36 سېكۇنتتا ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقان.

ئادىل ھوشۇر شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەركىبىدە 1999- يىلى ئاۋىنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 100 مەيداندىن ئارتۇق ھەقسىز ئويۇن قويۇشقا قاتناشقاندىن سىرت، يەنە 2001- يىلى 6-، 7- ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 35 ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزىدا 50 نەچچە مەيدان ماھارەت كۆرسىتىپ، نەچچە 100 مىڭ تاماشىبىننىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . ھەر قېتىمقى ئويۇن قويۇش ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى.

«پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ 2002- يىلى 4- ئاينىڭ 16- كۈنى بېيجىڭ شەھىرى پىڭگۇ ناھىيىسىنىڭ جىڭخەي كۆلى بوشلۇقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 416 مېتىر، ئېگىزلىكى 35 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىقىپ، بوشلۇقتا ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى پولات ئارغامچا ئۈستىدە تۆت - بەش سائەت ماھارەت كۆرسەتتى. شامال چىقىپ، ئۇنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىگە تەسىر يەتكۈزسىمۇ، يامغۇر يېغىپ، ئۇنىڭ 35 مېتىرلىق ئېگىزلىكتىكى «ئۆيى»دىن تامچە ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بۇلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. ئادىل ھوشۇر 5- ئاينىڭ 7- كۈنى كانادالىق كاكرىن 1981- يىلى ياراتقان بوشلۇقتا 21 كۈن ھايات

كەچۈرۈشتەك دۇنيا جىنىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ بوشلۇقتا ياشاش ۋاقتىنى يەنە ئۈچ كۈن ئۇزارتتى. بېيجىڭلىقلار ئۇنىڭ بۇنداق قەيسىرانە روھىدىن تەسىرلىنىپ، تۈركۈم -تۈركۈملەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆردى.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد مۇ نەق مەيدانغا بېرىپ ئادىل ھوشۇرنىڭ ماھارىتىنى كۆردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئادىل ھوشۇرنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدۈم، تاماشىبىنلارمۇ ئادىل ھوشۇرنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق زور خېيىمخەتەرگە قارىماي، بۇ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاسان ئەمەس . ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئاخىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك بۇ خىل روھى ھەممەيلەننىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ».

ئادىل ھوشۇر 5- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەتىگەندە ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 7 دە ئۆزى 25 كۈن ھايات كەچۈرگەن پولات ئارغامچىدىن يەرگە چۈشۈپ، بوشلۇقتا 25 كۈن ياشاش ۋە پولات ئارغامچىدا 123 سائەت 48 مىنۇت مېڭىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈردە دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى. بۇ ئادىل ھوشۇرنىڭ بەشىنچى قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارىتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادىل ھوشۇر پولات ئارغامچىدىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، بېيجىڭلىقلار مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ئىنتايىن زور مەدەت، ئىلھام ۋە ياردەم بەردى، مەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ

ئوغلانى، مەن بۇگۈن ياراتقان رېكورت ماڭىلا ئەمەس، بارلىق جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ.»

ئۇنىڭ بوشلۇقتا هايات كەچۈرۈش بويىچە ئىككى تۈردە دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتقانلىقى مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا كۆچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەملىكەتنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا ئادىل هوشۇرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتەك قەيسرانە روهىدىن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2002- يىلى 5- ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى سانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئادىل هوشۇر بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى : ‹شىنجاڭنىڭ دارۋازلىق سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى!›.»

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 5- ئاينىڭ 16- كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى هۆكۈمەت بىناسىدا زەپەر قۇچۇپ كەلگەن «پەلەك شاهى» ئادىل هوشۇر بىلەن سەممىي كۆرۈشكەندە: «ئۈزلۈكسىز ئىرىشىپ، شىنجاڭنىڭ دارۋازلىق سەنئىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى» دېدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىر كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ئادىل هوشۇرنىڭ دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ئىككى قېتىم يېڭىلىغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «ئېگىز بوشلۇقتا 25 كۈن ياشاش، پولات ئارغامچىدا 123 سائەت 48 مىنۇت مېڭىشنىڭ ئۆزى بىر

مۆجىزە، بۇ سىزنىڭ پولات ئارغامچىدىكى يۇقىرى ماھارىتىڭىزنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىش روھىڭىز ۋە ۋەتەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈشتەك ئالىجاناب پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلدى.»

ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ھازىر دۇنيادا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە، بىراق بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ. بىز ئۆزگىچە دارۋازلىق سەنئىتى ئارقىلىق شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى دارۋازلىق سەنئىتى ۋاستىسى ئارقىلىق شىنجاڭنى چۈشىنىش، شىنجاڭنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. يەنە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ دارۋازلىق سەنئىتى مەشىق بازىسىنى قۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ دارۋاز ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەپ، مىللىتىمىزنىڭ بۇ قەدىمكى سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئادىل ھوشۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

2002- يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى قەشقەر ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك، تاڭ قۇياشى مەشرىق تاماندىن بىر كاتتا مەرىكىنى قۇتلۇقلاپ، ئۆزگىچە جىلۋە-تەبەسسۇم بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. خەلق مەيدانى ھەش-پەش دېگۈچە ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

قۇتلۇق پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت يەتتە بولغاندا، ساھىبخان ـــ قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى پەرھات خالىق 2- نۆۋەتلىك قەشقەر دارۋازلىق خەلق سەنئىتى

بايرىمىنىڭ مۇراسىمى باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئالقىش سادالىرى بىلەن نەچچە يۈزلىگەن كەپتەر بىراقلا كۆكتە پەرۋاز قىلدى. ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە سالدى.

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن داڭلىق شەخسلەر، ئاخبارات ـ ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى خەلق مەيدانىنىڭ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەيىم ياسىن ھەمدە ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياۋ يۇڭفېڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى كامىل ئابدۇللا قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئادىل ھوشۇر سۆزىدە ئۆز ماھارىتىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈپ، دارۋازلىق ھەرىكىتى ۋە سەنئىتىنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى ۋە قەدىردان خەلقىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋىلايەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى نەق مەيداندىلا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنى سۇغۇرتىلاندۇرغاندىن كېيىن، 2-نۆۋەتلىك قەشقەر دارۋازلىق خەلق سەنئىتى بايرىمىنىڭ ئويۇن كۆرسەتكۈچى چاسا ئەترەتلىرى ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتىپ مەيدانغا كىرىپ، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ سالاپىتى، شانۇ شەۋكىتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى:

ئادىل ھوشۇرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يىغىن بەلگىسىنى كۆتۈرگەن چاسا ئەترەت:

«دارۋازلىق ـــ قەشقەرنىڭ سەنئەت بايرىمى،
سەن ئۆزۈڭ ئالتۇننى تاۋلىغان ئوچاق.
ئاجايىپ ماھارەت، جاسارىتىمىز،
ئاچىدۇ ۋەتەنگە، دۇنياغا قۇچاق.»

دېگەن ئىرادىنى جاكارلىدى. ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزلەمەس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مەردانە قەدەم بىلەن پاراتتىن ئۆتتى. بىزەلگەن ئاپتوموبىل ئۈستىدە ئادىل ھوشۇر مەيدانىدىكى نەچچە 10 مىڭ قېرىنداشلىرىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ ئۆتتى. ياڭراتقۇدىن مەدھىيە ناخشىسى ياڭرىدى.

رىياسەتچى ئادىل ھوشۇرنىڭ دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، پۈتۈن مەيدان لەرزىگە كەلدى.

ئادىل ھوشۇر دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچە چاققان ئىدى. ئۇ كۆكتە بىر تال پولات ئارغامچا ئۈستىدە لەرزان ساما ئۇسسۇلى ئويناۋاتقاندا، پەستىكى 10 مىڭلىغان تاماشىبىن گويا ئۆزلىرىمۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، ئۆزلىرىمۇ كۆككە چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. ئۇ كۆكتە شۇنچە تەمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىكى نېمىدېگەن قورقماس يۈرەك ـ ھە!

ئادىل ئالقىش سادالىرى ئىچىدە داردىن چۈشكەندە، ۋالىي كامىل ئابدۇللا ئۇنىڭغا گۈلدەستە سۇنۇپ مەھكەم قۇچاقلىدى.

بۇ كۈندىكى مۇراسىم ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. لېكىن بۇ مۇراسىمدىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلار يۇسۇپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، ئوتتۇرا ـ غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى... قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارنى سەيلە ـ ساياھەت قىلدى، باغ سەيلىسى قىلدى. كەچتە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى مېھمانلارغا

قەشقەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل «قەشقەر»نى كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ، سودا-ساياھەت كەسپىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 2003- يىل ئۆتكەن ئالدىراشلىقتا

ئۇزۇندىن بېرى سەددىچىن سېپىلى، كانادادىكى نىياگارا شارقىراتمىسى، فرانسىيەدىكى ئېففىل مۇنارى، ئەنگلىيەدىكى رېين دەرياسى... قاتارلىق ئورۇنلارغا دار باغلاپ ئۆتۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئادىل ھوشۇر 2003- يىلى كىرىشى بىلەنلا ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئۇ 1- ئايدىكى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، يېڭىسار ئارىلىقىدا توختىماي قاتراپ، يېڭىساردا قۇرماقچى بولغان «ئادىل ھوشۇر دارۋازلىق مەكتىپى»نىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. «يېڭىسار سېرىك ئۆمىكى»نىڭ ئورنىغا قۇرۇلىدىغان بۇ مەكتەپنىڭ ئۇلىنى سېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، ئۇ 9- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك ئاممىۋى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئىچىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ ھەرىكەتكە 10 يىل سەرپ قىلىنىدىغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەت خەلق ئارىسىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى ئومۇمىي قېدىرىپ قۇتقۇزىدىغان، ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەڭ زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق خەلق ئىچىدىكى مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش ۋە قوغداش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادىل ھوشۇر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاممىۋى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە ئىجادىيەت يېتەكچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئۇ جىسەيگە ئىپادە بىلدۇرۇپ، ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايوندا دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ تاپقان بارلىق پۇللىرىنى خەلق ئىچىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلماقچى بولدى.

4- ئاينىڭ 8- كۈنى ئادىل ھوشۇر خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇخبىرلارغا بۇ يىل 4- ئاينىڭ 9- ئايغىچە «جۇڭگو خەلق ئىچىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى» نامىدا تۇمەن چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ، خالىسانە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، جۇڭگو خەلق ئارىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى فوندىغا مەبلەغ توپلايدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى ھەم ئارقىدىنلا بۇ ساخاۋەتلىك ئىشقا رەسمىي ئاتلاندى. ئۇ 2003- يىللىق ئەڭ يۇقىرى چەكتە ساياھەت قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، بىر قاتار ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، مەبلەغ توپلاشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئوڭۇشلۇق باستى.

ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەككە ساياھەت قىلىش پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «جىلغا تەۋەككۈلچىسى» قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى

هۇشۇر باشچىلىقىدىكى دارۋازلار مەملىكەتنىڭ كاتتا تەنھەرىكەت سەھنىسىدە، شىنجاڭ دارۋازلىقىنىڭ شۆھرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلدى.

دارۋاز ئىلگىرى ھەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى مۇسابىقىلىرىدە، شىنجاڭ تەنھەرىكەتۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ماھارەت كۆرسەتكۈچىلىرى سۈپىتىدە مۇسابىقە سەھنىلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، زور ئالقىش ۋە كاتتا شەرەپلەرگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئادىل هۇشۇر بەش قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىپ، دارۋازلىقنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇتقانىدىن كېيىن، دارۋازلىق سەنئىتىگە دىققەت قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

ئادىل هۇشۇر مۇنداق دېدى: «مەن 1986- يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۆت نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە ئىزچىل ماھارەت كۆرسىتىپ كەلدىم، بۇ يىل بۇ مۇسابىقىگە بەشىنچى قېتىم قاتنىشىشىم. گەرچە ھەر نۆۋەتلىك مۇسابىقىدىكى ماھارەت كۆرسىتىشتە ئىزچىل ياخشى باھا، ئالىي شەرەپكە ئېرىشىپ كەلگەن بولساقمۇ، بۇ قېتىم بىزگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، دىققەت قىلىۋاتقانلار ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ بولغاچقا، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ماھارەتلەرنى كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىم تەييارلىقنى بالدۇر باشلىدۇق. ئالاقىدار تارماقلارمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى». مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2003- يىلى 9- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 13- كۈنىگىچە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ يىنچۈەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يىگى

ئەسىردىكى بۇ تۈنجى كاتتا تەنھەرىكەت مەرىكىسىگە 34 ۋەكىللەر ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، 9700 دىن كۆپرەك تەنھەرىكەتچى، تىرېنېر، رېپېر ۋە خىزمەتچى خادىم قاتنىشىپ، 14 چوڭ مۇسابىقە تۈرى، 124 ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى بويىچە مۇسابىقىلەشتى.

ئادىل ھوشۇر بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە ئىككى قېتىم ماھارەت كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. دارۋازلىق ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئادىل ھوشۇر 2003- يىلىدا تېخىمۇ يۇقىرى چەككە خىرىس قىلدى. 2003- يىلى 3- ئايدا، ئۇ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق



*1.5- رەسىم. ئادىل ھوشۇر دار ئۈستىدە*

قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە شۇ يىلى 4- ئايدا ئەڭ چوڭ «تەبىئىي ۋارونكا» ــــ فېڭجى ئازگىلىدىن توغرىسىغا كېسىپ

ئۆتۈپ، يەنە بىر قېتىم مۆجىزە يارىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چۇڭچىڭدىكى فېڭجى ئازگىلى ئېللىپسسىمان شەكىلدە بولۇپ، دىئامېتىرى 626 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 662 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە هازىرغىچە بايقالغان ئەڭ چوڭ ئازگالدۇر. بۇنىڭ ئېگىزلىكى ئادىل هوشۇر ئۆتكەن سەنشيادىكى ئېگىزلىكتىن 200 نەچچە مېتىر ئېگىز.

2003- يىلى 8- ئاينىڭ 22- كۈنى قاتتىق ئىسسىق بولغان ئىدى. تاغ شامىلىمۇ توختىماي چىقىپ تۇراتتى. ئادىل هوشۇر پولات ئارغامچا ئۈستىدە خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش «ئۇچۇپ» ئۆز كاراماتىنى كۆرسەتتى.

ئۇ بۇ قېتىم يەنە مۆجىزە ياراتتى. ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇزۇنلۇقى 687 مېتىر، ئېگىزلىكى 662 مېتىر كېلىدىغان «دۇنيادىكى بىرىنچى تەبىئىي ئازگال»دىن 20 مىنۇتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، پولات ئارغامچىدا ئەڭ ئېگىز جايدىن ئۆتۈش بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتى ياراتتى. بۇ ئادىل هوشۇرنىڭ پولات ئارغامچىدا مېڭىش بويىچە ئالتىنچى قېتىم دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

## ۋاڭ لېچۇەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەهبەرلەر چەت ئەلدە ئويۇن قويۇپ قايتىپ كەلگەن «پەلەك شاهى» ئادىل هوشۇرنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن 7- فېۋرال شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ كانادادا ئويۇن قويۇپ

قايتىپ كەلگەن بىر قىسىم ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىشى كېرەك». ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاتاقلىق دارۋاز ئارتىسى ئادىل ھۇشۇر ۋەكىللىكىدىكى ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، ۋەتىنىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەم ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى.

شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى 1- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 2- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە كانادادا ئويۇن قويۇپ، ئويۇن قويۇشتا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كانادادىكى ھەر ساھە تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ لېچۈەن ۋەكىللەر ئۆمىكى مەسئۇلىنىڭ كانادادا ئويۇن قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەرگە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەزمۇنى مول ھەم رەڭدار بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. جۇڭگودا شىنجاڭنىڭ سەنئەت ئىشلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىلىشىنى مۇنبەت تۇپراق، كەڭ زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى، كۆپچىلىكنىڭ قولغا كەلتۈرگەن شان-شەرەپ ۋە نەتىجىلەرنى قەدىرلەپ، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ،

ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىغا تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ۋاڭ لېچۈەن ئادىل ھوشۇرنىڭ چەت ئەللەردە ئويۇن قويۇپ قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە يۈكسەك ماھارىتى بىلەن ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە ماختىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئادىل ھوشۇر — دۇنياغا تونۇلغان سېرك سەنئەتكارى، جۇڭگو ۋە شىنجاڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ئېپتىخارى، بىز ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ ئادىل ھوشۇردىن ئۆگىنىپ، ۋەتەننى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ تاللاپ چەت ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىپ، دۇنياغا شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، تەرەققىي قىلىۋاتقان، مۇقىم بولۇۋاتقان گۈزەل ئوبرازىنى نامايان قىلىشى لازىم.»

قوبۇل قىلىشتا ئادىل ھوشۇر مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ — مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمنىڭ بۆلىقى، پارتىيە ۋە خەلق ماڭا ناھايىتى يۇقىرى شان - شەرەپ بەردى، مەن دۆلەت ۋە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، ۋەتەننى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈپ، دارۋاز ماھارىتىمنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، نۇرلاندۇرۇشقا كۈچ قوشىمەن.»

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، نۇر بەكرى، فۇ چياڭ قوبۇل قىلىشتا بىللە بولدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2004- يىلى 2- ئاينىڭ 8- كۈنىدىكى سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى).

# ئالتىنچى باب

# تونۇلۇۋاتقان ياش دارۋازلار

## دۇنيا دارۋازلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى — ئابدۇسەمەت

ئابدۇسەمەت ھەسەن 1984- يىلى 8- ئايدا يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئادىل ھوشۇرنىڭ نەۋرە ئىنىسى.

ئابدۇسەمەت دادىسى ھەسەنجان ھوشۇرنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن دارۋازلىق ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نەۋرە ئاكىسى ئادىل ھوشۇرنى ئۈلگە قىلىپ، دارۋاز جەمەتى ئۈچۈن يېڭى شەرەپ قازىنىش يولىدا ئىزدەنمەكتە.

ئۇ 1996- يىلى 10- ئايدا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆرپ-ئادەت سەنئەت بايرىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ لۇشۈن باغچىسىدا ماھارەت كۆرسەتتى. ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ئابدۇسەمەتنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن شاڭخەي ئاھالىسى ھەيران قالغان ھالدا بۇ بالا دارۋازنى «دۇنيا جىننىس رېكورتى»غا ئېلىتماس سۇنۇشقا تەكلىپ بەردى، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «دۇنيا جىننىس رېكورتى» يارىتىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى.

1997- يىلىدىن كېيىن دۇنيا جىننىس رېكورتى قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ

رېكورت يارىتىش ئارزۇسى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردى. 2000- يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ماھارەت سەۋىيىسى بارغانسېرى ئېشىپ، ئۆزىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشقا بەل باغلىدى. 2002- يىلى 5- ئاينىڭ 3-كۈنى ئابدۇسەمەت سىناق تەرىقىسىدە «ئۇلۇغئاتا» چوققىسى بىلەن تاتلىقسۇ چوققىسىنىڭ ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 30 مىنۇتتا مېڭىپ ئۆتتى.

2002- يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى يەگىسى مېھرىگۈل يۇنۇس كورلا شەھىرىنىڭ باش ئەگىم جىلغىسىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدا مەشىق جەريانىدا تۇيۇقسىز داردىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا قىلغاندىن كېيىن، پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈش ئىشىنى تۇمان باستى.

مېھرىگۈل يۇنۇسنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئاياغلىشىپ، ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېلىگە ئاق باغلاپ، قارىلىق تۇتۇپ يۈرگەن ئابدۇسەمەتنىڭ روھىي كەيپىياتى بەكمۇ سۇلغۇن بولسىمۇ، يەگىسى بېسىپ بولالمىغان مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ھەم دارۋازلىقتا يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 8- ئاينىڭ 30- كۈنى باش ئەگىمدىكى پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈشكە تۇتۇش قىلدى.

8- ئاينىڭ 31- كۈنى ئۇ ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 12دىن ئاشقاندا، كورلا شەھىرىنىڭ باش ئەگىم جىلغىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 947 مېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىغا چىقتى ۋە ھېچقانداق تەمتىرىمەيلا ئاخىرقى پەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. 15 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق تاماشىبىن ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ ئالقىش ياڭراتتى. ئۇ پولات ئارغامچىدا قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بەش تۈرلۈك ماھارەتنى كەينى - كەينىدىن كۆرسەتكەندە، يەنە بىر

قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ، تاغ جىلغىسىدا ئەكس سادا پەيدا بولدى.

ئابدۇسەمەت ياشاپ كەت،
غەيرىتىڭگە باركاللاھ.
سەن پەخىرلىك ئوغلانىنى،
ئامان قىلسۇن ئۇلۇغ ئاللاھ.

ئابدۇسەمەت ئاخىرقى پەللىگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى. ئۇ ناغرا - سۇناي سادالىرى، كىشلەرنىڭ قىيقاس - سۈرەنلىرى ئىچىدە دەستە - دەستە گۈللەرگە پۈركەندى. نۇرغۇن كىشلەر ئابدۇسەمەتنىڭ ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. ناتونۇش كىشلەرمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى. كورلا شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىدىكى خادىملار ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 947 مېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىر، يانتۇلۇقى °25 كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 28 مىنۇتتا ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىغاندا، باش ئەگىم يەنە بىر قېتىم تەۋرەپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى تەشكىللىگەن ياسىن گايىت ئىنتايىن خۇشال ھالدا: «مەن بۇ قېتىمقى دارۋازلىق پائالىيىتىگە مەبلەغ سالغانلىقىمدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن» دېدى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ھەر قايسى مىللەت ياشلىرى ئالقىش ياڭرىتىپ، ئابدۇسەمەتنى ئۈچ كىلومېتىردەك ئارىلىقچە بېشىدا كۆتۈرۈپ كەلدى.

خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئابدۇسەمەتنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان بۇ ئاتا كەسپىنى

تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ جاپالىق مەشىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ 17 جۇپ ئۆتۈكىنىڭ چەمى تېشىلدى، پۇتلىرى قاپىرىپ كەتتى.

2002- يىلى 9- ئاينىڭ 20- كۈنى ئابدۇسەمەت بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 5- نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا دوستلۇق مەدەنىيەت بايرىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، بادالىڭدىكى سەددىچىن سېپىلىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1004 مېتىر، ئېگىزلىكى 108 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا كەينىچە مېڭىش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇيۇن كۆرۈشكە كەلگەن تاماشىبىنلىنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇ پولات ئارغامچىدىن كەينىچە مېڭىپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە «فرانسىيە رېيتېر ئاگېنتلىقى» قاتارلىق چەت ئەللەرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.



# بوشلۇقتا 34 كۈن هايات كەچۈرۈش

ئابدۇسەمەت 2003- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى شىنياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «نەنخۇدا باھار» سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، «بوشلۇقتا ياشاش»تىكى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ 34 كۈن پولات ئارغامچا ئۈستىدە هايات كەچۈرىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى بوشلۇقتا هايات كەچۈرۈش ۋە ئىككى تۈرلۈك دۇنيا جىننىس رېكورتى يارىتىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇنىڭ بوشلۇقتا تۇنجى قېتىم هايات كەچۈرۈشى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز جىددىيلەشتى.

ئابدۇسەمەت ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، 17- ئىيۇل سەھەردە، نەچچە مىڭ ئاما يىغىلغان قاينام-تاشقىنلىق «نەنخۇ» كۆلى بويىدا ئۇيغۇرچە كىيىنگەن ئابدۇسەمەت ئامىنىڭ قىزغىن ئالقىش - سادالىرى ئىچىدە پولات ئارغامچىغا چىقتى. بۇ يەردىكى ئاما ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئابدۇسەمەتنىڭ پولات ئارغامچا ئۈستىدە كۆرسەتكەن ماھارەتلىرىدىن هاڭ - تاڭ قالدى، بۇ يىگىتكە چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى، شۇ كۈنى ئۇ ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتكەچ ئالدى - كەينىگە مېڭىپ، جەمئىي 2640 مېتىر ماڭدى، هۆكۈمەت گۇۋاهلىق ئورنىنىڭ خادىملىرى نەق مەيداندا ئۇنىڭغا گۇۋاهلىق بەردى.

ئابدۇسەمەت بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا شىنياڭ خەلقىنىڭ قەلبىدىكى قەهرىمانغا ئايلاندى، شىنياڭلىقلار ئابدۇسەمەت

ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى بىلدى. ئۇ ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا، ھازىرغىچە پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماڭغان بىرەر كىشى ئىشلەپ باقمىغان ھەرىكەت — چەمبىرەك ئويۇنىنىش ھەرىكىتىنى ئورۇندىدى، ئۇ ئارغامچا ئۈستىدە چەمبىرەكنى بېلى بىلەن چۆرگىلىتىپ ماڭاتتى، بۇ ھەرىكەتنى ئۇ بۇ يىلى مەشىق قىلىغانىدى. ئابدۇسەمەت ھەر كۈنى كەچتە ئويۇنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پولات ئارغامچا ئۈستىگە ياسالغان تۆت كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى، بۇ ئۆيدە بىر تېلېۋىزور، بىر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق بار ئىدى. تاماقنى ئانىسى بىلەن لايىقى ئېتىپ بېرەتتى، ھاجەتخانا ئورنىدا بىر چېلەك بار ئىدى. ئۇ كۈندە كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيتتى.

ئۇنىڭ بوشلۇقتا ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىغا 10 نەچچە كۈن بولدى، شىنياڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنىدىكى خادىملار ئۇنىڭ كۈندىلىك مۇساپىسىنى خاتىرىلەپ تۇراتتى، 17- ئىيۇل 2640 مېتىر، 18- ئىيۇل 960 مېتىر ماڭدى، 26- ئىيۇل 3840 مېتىر، پەقەت 19- ئىيۇلدىلا قارا يامغۇر يېغىپ ماڭالمىدى، ئەڭ كۆپ ماڭغان كۈنى 4230 مېتىر ماڭدى.

11- ئاۋغۇستتىن باشلاپ، باشچىلاپ تىك تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئىشلەشكە باشلىدى، ئىككى مىنۇت 37 سېكۇنت... ئابدۇسەمەت كۈندە بۇ ھەرىكەتنى ئىشلەپ ئۆز رېكورتىغا ئۆزى جەڭ ئېلان قىلماقتا ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى نەتىجە ئەنگلىيە دۇنيا جىنىس رېكورتى باش شتابىغا يوللىناتتى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىسى تۆت مىنۇت 22 سېكۇنت، كەينىچىلەپ ماڭغان ۋاقتى 55 سائەت 34 مىنۇت 33 سېكونت بولدى.

ئابدۇسەمەت جاپالىق 34 كۈننى توشقۇزۇپ، 20- ئاۋغۇست سائەت 10:00دا ئاخىر يەرگە چۈشتى. پۈتۈن «نەنخۇ» كۆلى تەۋرەپ كەتتى، ئاممىا ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى، 34 كۈن جەريانىدا ئۇنىڭ ئالتە ئۆتۈكىنىڭ چەمى تېشىلدى، پۇتلىرى قاپىرىپ كەتتى، ئۇ بارلىق ئاغرىق ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى نەتىجىسى ئەنگلىيە دۇنيا جىنىس رېكورتى باش شتابىغا يوللاندى.

## كوئېنلون بۈركۈتى ــــ غوجىئابدۇللا روزى

2001- يىلى 9- ئاينىڭ 15- كۈنى 24 ياشلىق دېھقان دارۋاز غوجىئابدۇللا روزى كوئېنلون تېغىنىڭ «ئۇلۇغئاتا» چوققىسى بىلەن تاتلىقسۇ جىلغىسى ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 29 مىنۇت 57 سېكۇنت 38 دەقىقىدە ئۆتۈپ، پولات ئارغامچىدا مېڭىش بويىچە دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى. نەق مەيداندىكى 50 مىڭغا يېقىن تاماشىبىن ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. قارىقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «پەلەك سەردارى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىشى بىلەن بىرگە، 5000 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. تاماشىبىنلارمۇ بەس - بەستە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە يىغىپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

غوجىئابدۇللا روزىنىڭ يېڭى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە

تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا يېتىپ بېرىپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

غوجىئابدۇللا روزى 1978- يىلى 3- ئاينىڭ 16- كۈنى قارىقاش ناھىيە سايباغ يېزا توزاقچى كەنتىدە دېھقان روزى ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بۇ ئۆيدە يەتتە بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، سەككىز ياشقا كىرگەندە ئاتىسى، 13 ياشقا كىرگەندە ئانىسى قازا قىلىپ يېتىم قالغان. كېيىن ئۇ ئانىسى بائىمخاننىڭ بىر تۇغقان ئوقۇتقۇچى ئىنىسى مەھەممەت قۇربانىيازنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. 12 يېشىدىن باشلاپ ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە دار باغلاپ، دارۋازلىق مەشىقىنى باشلىغان. ئۇ ئۆزلۈكىدىن كۆڭۈل قويۇپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق دارۋازلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق ماھارەتلىرىنى بىر قەدەر پۇختا ئىگىلەپ، 16 ياشتىن 23 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا توي-تۆكۈن، ناھىيە ۋە يېزىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر، ئېگىزلىكى 120 مېتىر كېلىدىغان داردا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئەل ئارىسىدا «غوجىئابدۇللا دارۋاز»، «پەلەك سەردارى»، «كوئېنلون بۈركۈتى»، «دېھقان دارۋاز» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان غوجىئابدۇللا قوشۇمچە دېھقانچىلىق ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپادىن ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان قەيسىرانە روھنى يېتىلدۈرگەن، ئىككى قېتىم داردىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئېغىر زەخىملەنگەن بولسىمۇ، مەشىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئۇ ئادەتتە پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرغا بەكمۇ ھەۋەس قىلغاچقا، ھەم چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغاچقا، ئۇنى غايىۋى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ تۇراتتى.

2001- يىلى 1- ئاينىڭ 18- كۈنى غوجىئابدۇللا قارىقاش ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيىتىدە 14 كىلوگراملىق ئاليومىن تەگشەكنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇنلۇقى 350مېتىر، ئېگىزلىكى 60 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا توختىماي ئىككى قېتىم مېڭىپ، جەمئىي 700 مېتىرلىق مۇساپىنى ئاران 9 مىنۇت 20 سېكۇنتتا بېسىپ ئۆتۈپ، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنداق بىر قوشاقنى توقۇدى:

دېھقان ئوغلى ئابدۇللا،<br>
داردىن ئۆتتۈك ئوبدانلا.<br>
غەيرىتىڭگە، ئەجرىڭگە<br>
چىن يۈرەكتىن ئەشقاللاھ.

2002- يىلى 4- ئايدا غوجىئابدۇللا تەكلىپكە بىنائەن شېنجېن ۋە جۇخەي شەھىرىدە بىنادىن بىناغا تارتىلغان داردا ماھارەت كۆرسىتىپ، زور ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ دارۋازلىقتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى قەدىمىي خوتەن دارۋازلىقىنىڭ ئۆز دىيارىدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان نامايەندىسى بولۇپ، تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدە كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىش ئارقىلىق داردا تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي، بىر پۈتىنغا تايىنىپ ئالتە سائەت جىم تۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ماھارەت تۈرىنى ئىجاد قىلىپ، يەنە بىر قېتىم يېڭى دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىشقا بەل باغلىدى.

غوجىئابدۇللا روزى مۇنداق دەيدۇ: «مەن دېھقان بولغاچقا تۇرمۇشۇم بەكمۇ جاپالىق، شۇنداق بولسىمۇ، دارۋازلىق مەشىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ئەگەر ماڭا ئىقتىسادىي شارائىت يارىتىپ بېرىلسە، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، ئېگىزلىكى 200 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان داردا 20 نەچچە خىل ماھارەت كۆرسىتىپ، ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم دۇنيا جىنىنىس رېكورتى ياراتقۇم بار.



6-1- رەسىم. غوجىئابدۇللا دار ئۈستىدە

مەن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ مېنى يەنىمۇ يېقىندىن قوللاپ، ياردەمدە بولۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.»

ھازىرغا قەدەر ئۇ داردا كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش، تەگشەكسىز مېڭىش، يالاڭ ئاياغ مېڭىش، تىزلىنىپ ئولتۇرۇش، ئوڭدىسىغا يېتىپ ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش، تاقلاپ مېڭىش،

كەينىچە مېڭىش... قاتارلىق قىيىن ماھارەت تۈرىنى ئىگىلەپ بولغان.

## پەلەك قەھرىمانى ـــ ئەسقەر ئوبۇلقاسىم

ئەسقەر ئوبۇلقاسىم 1972- يىلى 10- ئايدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ تەنتەربىيىگە ئىشتىياق باغلاپ، كۈندۈزلىرى دارۋازلىق ئۆگەنسە، كەچلىرى ماھارەت مەشىقى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۇستازى ھەسەنجان ھوشۇرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن دارۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئۇ 1989- يىلى يېڭىسار سېرك ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، مۇنتىزىم مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ماھارەت سەۋىيىسى



2.6 - رەسىم. ئەسقەر ئوبۇلقاسىم ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى

كۆندىن - كۆنگە ئۆستى. ئۇ 2002- يىلى 9- ئاينىڭ 16- كۈنى سەددىچىن سېپىلىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1004 مېتىر، ئېگىزلىكى 118 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 18 مىنۇتتا ئۆتتى. 2002- يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا جىڭجۇ شەھىرىدىكى ئورمان باغچىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، ئېگىزلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا 27 كۈن ھايات كەچۈرۈپ، يېڭى دۇنيا گىننىس رېكورتى ياراتتى ھەمدە «پەلەك قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

# يەتتىنچى باب

# يېتىلىۋاتقان دارۋاز ۋارىسلىرى

«پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۇدا بىر نەچچە قېتىم دۇنيا جىنىنىس رېكورتى يارىتىشى مەملىكىتىمىز، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشىلەرنىڭ دارۋازلىق كەسپىگە بولغان تونۇشى ۋە قىزىقىشىدا يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

ئەزەلدىن دارۋازلارنى «تەگرىگە يېقىن كىشىلەر» دەپ قاراپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئادىل ھوشۇرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد دارۋاز ۋارىسلىرى خۇددى تارىم دەرياسىنىڭ تارام ئېقىنلىرىدەك تۇشمۇتۇشتىن ئۆركەشلەپ ئېقىپ، تەگرىتاغ ئېتىكىدە دارۋازلىقنىڭ ئۆزۈلمەس سىمفونىيىسىنى ياڭراتتى. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئېغىزىدىن تېخىچە سۈت پۇرىقى كەتمىگەن بۇ دارۋاز ۋارىسلىرىنىڭ كارامىتىدىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دارۋازلىق جەھەتتە يوشۇرۇن تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدە بىر خىل ھادىسىنى بايقايمىز.

# دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدىكى مۆجىزە — ئۈچ ياشلىق دارۋازنىڭ كارامىتى

خوتەن ناھىيە لايقا يېزا بودۇي كەنتىدىكى مەمتىمىنئاخۇن بىلەن ئايالى ساھىبجامالخان ئەسلىدە دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ ئىككى بىر جۈپ دېھقان 1994- يىلى توي قىلىپ، 1996- يىلى ئاينۇر ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت، 1999- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى ئابلىز ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، تۇرمۇشى ئاددىي-ساددا بولسىمۇ، لېكىن كۈنلىرى شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكەن.

كەتمەنگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بۇ ياش ئەر-خوتۇن «خىسلەتلىك بالا دارۋاز»نىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلاپ دارۋازلىق ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىستىكىدە يانغان مەمتىمىنئاخۇن دوستلىرىدىن ئادىل ھوشۇرنىڭ خوتەن شەھرىدە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابلىزجان بىلەن ئايالى ساھىبجامالخاننى ئېلىپ بالدۇرلا پائالىيەت مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئادىل ھوشۇر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى دار ئۈستىدە 10 نەچچە خىل يېڭى ماھارەت

تۇرۇپ ئويۇن كۆردى. ئويۇن ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ كىشىلەر ئادىل ھوشۇرغا تەشەككۈر - ئالقىش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنى بىشىغا ئېلىپ «مەرھابا» مېھمانخانىسىغىچە ئېلىپ كەلدى.

مەتمىنئاخۇن شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ شۇ كۈنى قانچىلىك ھاياجانلانغىنىمنى، قانچىلىك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەنلىكىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ئويۇن ماڭلا ئەمەس، ئوغلۇم ئابلىزجانغىمۇ شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ بوينۇمدا تۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم تېپىچەكلەپ كەتتى. مەن ئوغلۇمنىڭ شۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرەپ بېرەلمەيمەن. شۇ قېتىمقى دارۋازلىق پائالىيىتىنىڭ ئوغلۇمنىڭ تەقدىرىنى شۇنچە تېز ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدىن مەن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىمەن ھەم خۇشال بولىمەن. مانا بۇ



1·7 - رەسىم. ئابلىزجان دار ئۈستىدە

ئوغلۇمنىڭ دارۋاز بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب.»

شۇ كۈندىن باشلاپ ئابلىزجان «مەن ئادىل ھوشۇر بولىمەن» دېگەن سۆزىنى كۈندە دېگۈدەك بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ قويىدىغان بولدى. ئۇ قوشقاچ تۇتۇپ ئويناشقا ئامراق بولۇپ، دائىم تام ئۈستىدە قوشقاچ قوغلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئابلىزجاننىڭ دائىم تام ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈشى مەتمىننىئاخۇن بىلەن ساھىبجامالخاننى بىرتەرەپتىن خۇشال قىلسا، بىر تەرەپتىن ئەنسىرىتىپ قويىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ توسىشى بىلەن ئابلىزجان تام ئۈستىدە ماڭمايدىغان بولدى. ئەمما، ئۇ قولىدا بىر تاياقنى تۇتۇپ «مەن ئادىل ھوشۇر بولىمەن» دېگىنىچە ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرىدىغان، تال بارىڭىغا چىقىپ - چۈشىدىغان، ھويلىسىدىكى ياغاچنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ ئوينايدىغان بولۇۋالدى.

مەتمىننىئاخۇن ئوغلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دارۋازلىققا قىزىقىپ قالغانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئادىل ھوشۇرنى دوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھويلىسىغا ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىر، ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پولات قۇرۇلمىلىق دار ئورنىتىپ، ئۈچ كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى ئاليومىن تەڭشەكتىن بىرنى ياساپ بەردى. ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن چەكسىز خۇشال بولغان ئابلىزجان شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندە دېگۈدەك دارۋازلىقنى مەشىق قىلىدىغان بولدى. ئۇ بۇ جەرياندا داردىن نەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ، ئازراق يىغلىۋالغاندىن كېيىن يەنە دارغا چىقىپ مەشىقنى داۋاملاشتۇردى.

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ 2002- يىلى يېتىپ كەلدى. گەرچە ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن ئابلىزجان بىر نەچچە قېتىم زۇكامداپ قالغان

كۆنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەشىقنى ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ كىچىك داردا خۇددى تۈپتۈز يولدا ماڭغانغا ئوخشاش ماڭالايدىغان ۋە ئادەتتىكى ماھارەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئىنىسى ئابلىزجاننىڭ ماھارىتىنى كۆندە كۆرۈپ ۋە ئۇنى دوراپ كىلىۋاتقان ئالتە ياشلىق ئاينۇرمۇ ئۆيلىمىغان يەردىن دار ماھارىتىنى ئۆگىنىپ ئىنىسىغا يېتىشىۋالدى. بۇ ئىش ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بىر مەھەل سۆز - پاراڭنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى.

شۇ يىلى 4- ئايدا مەتمىنئاخۇن ئوغلىنىڭ جاھىللىق قىلىشى ۋە يىغلاپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بېغىدىكى ئىككى تۈپ ياڭاقنىڭ ئارىسىغا ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر كېلىدىغان دار باغلاپ، ئابلىزجانغا 3.5 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى پولات تەڭشەك ياسىتىپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن ئابلىزجان دارنىڭ چىقىش پەللىسىگە ئورنىتىلغان توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتىكى شوتىدىن يېرىم سائەتتەك ھەپىلىشىپ مىڭ تەسلىكتە دار ئۈستىگە چىقىپ «مەن ئادىل ھوشۇر بولىمەن» دېگىنىچە مەشىقنى باشلىدى. ئۇ بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئېگىز دار ئۈستىدە تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان، ھېرىپ قالغاندا دار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالالايدىغان، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ 10 مىنۇت تىك تۇرالايدىغان، ئالدى - كەينىچە ماڭالايدىغان، تەڭشەكنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ كەينىگە تۇتۇپ ئالالايدىغان ئۆزگىچە ماھارەت تۈرلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، لايىقا يېزىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ بىر قېتىم بودۇي باشلانغۇچ مەكتىپىدە دار ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز تەكپۇكلۇقنى يوقىتىپ داردىن يىقىلىپ چۈشىدۇ، مەتمىنئاخۇن ۋە باشقىلار يۈگۈرۈپ

بىرىپ ئابلىزجاننى تۇتۇۋالدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدۇ. لېكىن بۇ جاھىل بالا يەنىلا ئەتىسىدىن باشلاپ ھويلىسىدىكى دارغا چىقىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەشىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئوغلىنىڭ قىزىقىشى ۋە جاھىل مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىگەن مەتمىنىئاخۇن خوتەندىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ تەكلىپى ۋە تەلەپ قىلىشى بىلەن خوتەن شەھىرىدىكى «ئۈچ بۇرجەك باغچا» ۋە چوڭ بازاردا دار باغلاپ، ئوغلىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ بالا دارۋازنىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن ئاممىا ھەيران بولغان ھالدا: «تۇۋا خۇدايىم، تۇۋا» دېيىشىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. شۇ قېتىمقى دارۋازلىق پائالىيىتى مەتمىنىئاخۇن ۋە ئابلىزجانغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. خوتەن شەھىرىدىكى دارۋازلىق پائالىيىتى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەنگە كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارىتىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان مىجىت ساۋۇت ئەپەندى باشقىلاردىن «ئۈچ ياشلىق خىسلەتلىك بالا دارۋاز» توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھەم تەسىرلىك پاراڭلارنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان مەتمىنىئاخۇننىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ بىرىپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلدى. ئۇ مەتمىنىئاخۇننىڭ ئاددىي ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى، تۇرمۇش ئەھۋالى، ئابلىزجاننىڭ دار ماھارىتىنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەيلى ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىدا بولسۇن ياكى دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدا بولسۇن، ئىككى - ئۈچ ياش ۋاقتىدا دارۋازلىق ماھارىتىنى

بوۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ ئىيالايدىغان «بالا دارۋاز» چىقمىغان. مەن شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدە كۆپلىگەن دارۋازلارنى تەربىيىلىگەن بولسامۇ، لېكىن بۇنداق ئۈچ ياشلىق بالا دارۋازنى ئۇچرىتىپ باقمىغان. ئابلىزجان ھەقىقەتەنمۇ دارۋازلىق سېپىمىزگە قوشۇلغان يېڭى بىر تالانت ئىگىسى ھەم دارۋازلىق تارىخىمىزدىكى بىباھا گۆھەر. مەن ئابلىزجاننى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن. ئۇنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشىمەن. ئابلىزجان ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، مەن ئۇنى ئەڭ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ياردەم قىلىمەن.»

مەتىمىنئاخۇن مىجىت ساۋۇت ئەپەندىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالى ساھىبجامالخان ۋە ئوغلى ئابلىزجاننى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مىجىت ساۋۇت ئەپەندى، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر ۋە باشقىلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مىجىت ساۋۇت ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكلىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئابلىزجان ئاخىر ئۈرۈمچىدىكى سەيلىگاھ «قىزىلتاغ» باغچىسىدا ماھارەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

2002- يىلى 6- ئاينىڭ 29- كۈنى ئابلىزجان ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى ئۈچ ياشلىق ئابلىزجان دارۋازلىق قىلىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر بالىلىرىنى ئېلىپ قىزىلتاغ باغچىسىغا بالدۇرلا يېتىپ كەلدى. نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىن تاغ باغرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

دارۋازلارغا ئەزەلدىن كۆيۈنۈپ كەلگەن مىجىت ساۋۇت كىچىك ئابلىزنىڭ بۇ قېتىمقى پولات ئارغامچىدا مېڭىش پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. مىجىت ساۋۇت دارۋازلىق

پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىشى بىلەن تەڭ مەمتىمىننىاخۇن ئۇغلىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقتى. ئابلىزجان دادىسىنىڭ بويىنىدا ئولتۇرۇپ تاماشىبىنلارغا قول ئىشارىتى قىلغاندا، تاماشىبىنلار ئالقىش ياڭرىتىپ، بۇ بالا دارۋازغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ناغرا-سۇناي ساداسى ئىچىدە ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا 4.5 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تەگشەكنى كۆتۈرۈپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ دارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلاشقاندا ھېرىپ قالدىمۇ قانداق، تەگشەكنى پولات ئارغامچا ئۈستىگە قويۇپ ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا مەمتىمىننىاخۇن ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەگەر، ئابلىزجان تەگپۇگلۇقنى يوقىتىپ قويسا، خەتەر كۆرۈلەتتى. ئۇ ئۇغلىغا قاراپ توۋلىدى، ئابلىزجان دار ئۈستىدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر دەم بەخىرامان ئارام ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شوخلۇق بىلەن دادىسىغا قاش ئېتىپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بالىنىڭ پولات ئارغامچىدا بىمالال مېڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر قورققىنىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى ۋە «بەك كىچىك بالا ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى يېنىپ چۈشسە بوپتىكەن، يىقىلىپ چۈشسە قانداق بولۇپ كېتەر» دەپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى. لېكىن، ئابلىزجان قىلچىمۇ قورققاندەك قىلمايتتى. تېخى بەزىدە كىشىلەرگە قاراپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ كۈلۈپ قوياتتى. ئابلىزجان ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ھەرىكەتنى ئىشلىدى، يەنى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تەگشەكنى پولات ئارغامچا ئۈستىگە قويدى، ئاندىن تەگشەكنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئالدىغا ئىككى - ئۈچ

قەدەم مېڭىپ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتتى. سائەت 10 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، ئابلىزجان ئىككىنچى قېتىملىق مېڭىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر ھەرىكەتنى ئىشلىدى، يەنى قولىدىكى تەڭشەكنى ئارقىچە تۇتۇپ ئالدىغا نەچچە 10 قەدەم ماڭدى، ئاندىن، تۇيۇقسىز كەينىچە مېڭىپ ئاممىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە، ئابلىزجان ئۈچىنچى قېتىم ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن پولات ئارغامچىغا چىقىپ ماڭدى ۋە باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ كېلىش يولىدا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ كېتىپ پولات ئارغامچا ئۈستىدىكى قوغداش رەختى ئابلىزجاننىڭ قولىدىكى تەڭشەككە تېگىپ كەتتى ـ دە، ئۇ تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ئابلىزجاننىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن ئامما قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندى، سائەت تۆتتىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ قايتىدىن پولات ئارغامچىغا دەسسىدى. ئابلىزجان مۇشۇ بىر كۈنلۈك پائالىيەتتە 50 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا جەمئىي بەش قېتىم بېرىپ كەلدى. ماھارەت كۆرسىتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئابلىزجاننىڭ قەيسەر، باتۇر روھىدىن تەسىرلەنگەن تاماشىبىنلار دەستە ـ دەستە گۈل سوۋغا قىلىشتى. ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى نەق مەيداندا مىجىت ساۋۇت ئەپەندىنى ئورىۋېلىپ، «ئۈچ ياشلىق بالا دارۋاز» توغرىسىدا كەينى ـ كەينىدىن سوئال سوراپ، بىر دەممۇ ئارام بەرمىدى.

نەق مەيداندا ئورۇمچى شەھەرلىك جامائەت گۇۋاھلىق ئورنى گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىشىنى قوللىدى. ئەمما ئەنگلىيە دۇنيا جىنىس رېكورتى

كومىتېتىنىڭ شاگىخەي باش شتابىغا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن كېتىدىغان بولغاچقا، دېھقان مەمتىمىنئاخۇنىنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈچ ياشلىق دارۋاز ئوغلىغا سېخىي قوللىرىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئالاقىدار كىشىلەر مۇنداق دېيىشتى: «ئۈچ ياشلىق ئابلىزجاننىڭ بۇ قېتىمقى دارۋازلىق ماھارىتى دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قالتىس بىر مۆجىزە. ئابلىزجانغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوللاش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى». مەمتىمىنئاخۇن دېھقان بولغاچقا، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشقا ئامال قىلالماي ئىلاجسىز لايقا يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتسىمۇ، لېكىن ئابلىزجاننىڭ ماھارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ئابلىزجان تەكلىپكە بىنائەن 2002- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى كورلىدىكى باش ئەگىمدە، 2003- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنى سەندۇڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا چاغانلىق نومۇر ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى. ئابلىزجان ماھارىتىنى كۈندىن - كۈنگە ئۆستۈرۈپ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئابلىزجان دائىم ئاتىسىغا بېغىدىكى دارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئېگىزلىتىپ، ئۇزۇنلۇقىنى ئۇزارتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى بېغىدىكى ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر كېلىدىغان داردىن كۈنىگە توختىماي ئۈچ-تۆت قېتىم ئۆتىدىغان، داردا بىر پۇتلاپ، ئولتۇرۇشقا يېتىپ ئارام ئالىدىغان، داردىن تەگشەكسىز ماڭىدىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپ بولدى، ئۇ يەنە توختىماي مەشىق قىلىۋاتىدۇ. مەمتىمىنئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر

مەبلەغ بولسا خوتەندىكى داڭلىق سەيلىگاھ قارىقاش ئېلىش بېشىدىكى سۇ ئۈستىگە ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدىغان پولات قۇرۇلمىلىق دار ئورنىتىپ، ئابلىزجاننىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرماقچى ئىكەن.

ئىشىنىمىزكى، «سېھىرلىك بالا دارۋاز» دەپ نام ئالغان ئابلىزجان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە جەمئىيەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشتەك بۈيۈك غايىسىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ.

## ئىككى يېرىم ياشلىق دارۋاز ــــ ئادىل ياسىن

تېخى تىلىمۇ تولۇق چىقىپ بولمىغان ئىككى يېرىم ياشلىق بالىنىڭ بەش كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر تەگشەكنى كۆتۈرۈپ، يەتتە ـ سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسەتكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟

ئادىل ياسىن 2001- يىلى 1- ئاينىڭ 4- كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۆمەنتال يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئادىل ياسىننىڭ تاغىسى نۇرئەلى ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى چېلىشىش رۇداۋ (ياپونچە چېلىشىش) ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئىشتىن سىرتقى بىرىنچى مەشىق قىلىش ئورنىدا ئۈچ يىل ئەركىن مۇشتلىشىشنى مەشىق قىلغان، كېيىن قولى سۇنۇپ كېتىپ، مەكىتكە قايتىپ كەتكەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئادىلنىڭ ئاكىسى تاھىرنى (توققۇز ياش) يېنىك ئاتلېتكا بويىچە

تەربىيىلەش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ تاھىرنى يۈگۈرۈش، چامباشچىلىق ۋە موللاق ئېتىش ھەرىكەتلىرى بويىچە مەشىقلەندۈرۈشكە باشلىغان.



2.7 - رەسىم. ئادىل ياسىن دار ئۈستىدە

بىر كۈنى نۇرئەلى ھويلىغا ئارغامچا تارتىپ، تاھىرغا ئارغامچىغا ئېسىلىپ مېڭىشنى ئۆگەتمەكچى بولغان. دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەرگەن. خېلىدىن بېرى تاغىسىنىڭ ئاكىسىنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەۋەس بىلەن كۆزىتىپ يۈرگەن ئادىل تۇيۇقسىزلا «مەن ئارغامچا ئۈستىدە ماڭىمەن» دەپ تۇرۇۋالغان. نۇرئەلىمۇ [illegible] ئادىلنى ئارغامچا ئۈستىگە

ئارغامچا ئۈستىدە ئىككى قولى بىلەن تەگپۈگلۈكنى ساقلاپ، ئوماق، بۇدرۇقىنە پۇتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يۆتكەپ ئالدىغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا مېڭىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان تاغىسى نۇرئەلى ئادىلنى تەربىيىلەش نىيىتىگە كەلگەن. ئادىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان. نۇرئەلى ئادىل ئۈچۈن ئۆلچەملىك تۆمۈر تەگشەك ياسىتىپ مەشقلەندۈرۈشنى باشلىغان. ئادىل ئۇنچە ئۇزۇن مەشىق قىلمايلا، خۇددى تەجرىبىلىك دارۋازلاردەك ئۈستىلىق بىلەن تەگپۈگلۈقنى ساقلاپ، خېلى ئۇزۇن تارتىلغان دار ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتكەن.

ئادىل 2003- يىلى 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 7- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلگەنگە قەدەر ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دارۋازلىقنى مەشىق قىلغان.

نۇرئەلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئادىل كۆزىنى تېڭىپ دار ئۈستىدە مېڭىش جەريانىدا بىر قانچە قېتىم يىقىلىپ چۈشكەن، لېكىن ئۇ يىقىلغان جايىدىن دەس تۇرۇپ، يەنە دارغا چىقىپ مەشىقنى داۋاملاشتۇرغان، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم يىقىلىش ئالدىدا ئارغامچىغا ئېسىلىۋېلىپ، خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان.

ھازىر «ئالتۇنبۇلاق» كۆكۆل ئېچىش باغچىسىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەت روزى بىزنى ناھايىتى قىزغىن قوللاپ، باغچا ئىچىدىن مەشىق قىلىش ئورنى بەردى. ئەمدىكى مەسىلە ئادىلنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن «سەھنە» ھازىرلاش. بىز ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ، ئەخمەت روزىغا ئوخشاش ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، ئادىل ياشنىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى دۇنيا جىنىنىس رېكورتى قامۇسىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلماقچىمىز.»

## پەلەككە يول ئالغان بالىلار

خوتەن ناھىيە لايقا يېزا تۆۋەن لايقا كەنتىدىكى دېھقان مىجىت ئاخۇن بىلەن ئايالى ئوغۇلخان دار تۇگۇل كۆۋرۈكتىن ئۆتسىمۇ بېشى قايىدىغان، كەتمەنگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىناس ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ، ئىلگىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ دارۋاز ئائىلىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دېھقان مىجىت ئاخۇننىڭ مەتتۇرسۇن، مەتتوختى ۋە ئاينۇر قاتارلىق پەرزەنتى دارۋاز بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئاجايىپ ماھارەتلىرى ئارقىلىق يىراق - يېقىندىكى كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

2000- يىلى 10- ئاينىڭ 6- كۈنى مىجىت ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى تېلېۋىزوردىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ خۇنەن ئۆلكىسى خېڭشەن تېغىدىكى جۇرۇڭ چوققىسى بىلەن فۇرۇڭ چوققىسىنىڭ ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 389 مېتىر، ئېگىزلىكى 436 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 52 مىنۇت 12 سېكۇنتتا مېڭىپ ئۆتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىق نەق مەيدان خەۋىرىنى كۆرۈپ، ھاياجىنىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەتتۇرسۇن ئون ياشتا، مەتتوختى يەتتە ياشتا، ئاينۇر بەش ياشتا بولۇپ، ئۇلاردا ئادىل ھوشۇرغا ئوخشاش مەشھۇر دارۋاز بولۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئەتىسى مەتتۇرسۇن بىلەن مەتتوختى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا سىڭلىسى ئاينۇرنى ياردەملەشتۇرۇپ، ئۆينىڭ پېشايۋىنىغا يۆلەپ قويۇلغان تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى

ياغاچنى پىچاق بىلەن سىلىقلاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى تام ئۈستىگە، يەنە بىر ئۇچىنى سۇپا ئۈستىگە ئىلىندۇرۇپ دار ياساپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بادرا ئۈستىدە مېڭىشنى مەشىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ دارۋازلىق ھاياتى رەسمىي باشلاندى. شۇ قېتىمقى بادرا ئۈستىدە مېڭىش جەريانىدا مەتتوختىنىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ ئوڭ پاقالچىقى زەخملەندى. مەتتۇرسۇن يەرگە دۈم چۈشۈپ ۋايجانلاپ كەتتى، ئاينۇرمۇ بىر قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئېتىزلىقتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن مىجىت ئاخۇن بىلەن ئوغۇلخان ھەش-پەش دېگۈچە يۈز بەرگەن بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ قالدى ھەم پەرزەنتلىرىنىڭ زەخملەنگەن يەرلىرىنى تېڭىپ قويۇپ، خىيال دېڭىزىغا چۆكتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر كېچە تالاش - تارتىش قىلىپ كېڭىشىش ئارقىلىق ئەتىسىدىن باشلاپ پەرزەنتلىرىنى دارۋازلىقتا تەربىيىلەش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپتە ياخشى ئوقۇش، ئائىلىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پەرزەنتلىرىنىڭ دارۋازلىق مەشىقى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىپ، يېقىندىن قوللىدى. بىر يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ دارۋازلار بادرا ئۈستىدە خۇددى تۈپتۈز يولدا ماڭغاندەك ماڭالايدىغان، تەڭشەكسىز ئالدى - كەينىگە يۈگۈرۈپ ماڭالايدىغان بولدى.

2002- يىلى قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە مىجىت ئاخۇن پەرزەنتلىرىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، چىگىدىن ئىشلىگەن ئارقان تېپىپ كېلىپ بېغىدىكى ئۈجمە دەرىخى بىلەن ياڭاق دەرىخى ئارىلىقىغا ئۇزۇنلۇقى 23 مېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان دار باغلاپ، بالىلارغا ماس كېلىدىغان

تەڭشەك ياسىتىپ بەردى. قىشلىق تەتىل ئاياغلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ باللار ئارغامچا ئۈستىدە تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان ھەم بەزى ماھارەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ماھارەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ دار



3.7 - رەسىم. مەتتۇرسۇن مىجىت دار ئۈستىدە

ئۇلارغا ھەم قىسقا، ھەم پاكار تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇلار بىرمۇ ئادىل ھوشۇردەك ئۇزۇن ھەم ئېگىز داردا ماڭىمىز دەپ مىجىت ئاخۇننىڭ بېشىنى ئاغرىتتى. شۇنىڭ بىلەن مىجىت ئاخۇن باللىرىغا ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق دار ئورنىتىپ بەردى. باللار ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىككى - ئۈچ سائەت داردا مېڭىشنى مەشىق قىلدى. بۇ باللارنىڭ دار ماھارىتىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر: «مىجىت ئاخۇن پەرزەنتلىرىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپتۇ» دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر: «مىجىت ئاخۇنغا

بالا بېقىش تەس كېلىپ باللىرىنى ئاسمانغا چىقىرىۋەتكىلى تەييارلىق كۆرۈپتۇ» دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشتى.

مىجىت ئاخۇن مۇستەقىل كۆزقاراشقا ئىگە، جاھىل، زېرەك ئادەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ قولىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، پەرزەنتلىرىنى دارۋاز قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا زور كۈچ سەرپ قىلدى. باللارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى كۈندىن-



4·7 - رەسىم. مەتتوختى مىجىت دار ئۈستىدە

كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دادىسى ئىككىنچى قېتىم ئورنىتىپ بەرگەن دار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كۆزنى تېڭىپ قويۇپمۇ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان ئادەتتىكى دارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار دائىم ئۆزۈن ھەم ئېگىز دار ئورنىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، مىجىت ئاخۇننىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتتى. دېھقانچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئىقتىسادىي مەنبەسى بولمىغان مىجىت ئاخۇن پولات قۇرۇلمىلىق دار ئورنىتىشقا يېتەرلىك مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن ياردەم سورىمىغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى قالمىدى. ئۇ قەرز ئېلىپ مىڭ تەسلىكتە يىغقان 3000 يۈەنگە

پولات ئارغامچا سىپتۇبلىپ، خوتەندىكى مەشھۇر سەيلىگاھ كوھمارىمغا دار باغلاش نىيىتىگە كەلدى.

2000- يىلى 4- ئاينىڭ بېشىدا مىجىت ئاخۇن ئايالى ۋە باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر ھەپتە جاپالىق ئىشلەپ، كوھمارىمدىكى ئىككى چوققا ئارىسىغا ئۇزۇنلۇقى 140.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 59.8 مېتىر كېلىدىغان پولات قورۇلمىلىق دار ئورنىتىپ، قەھرىمانىنى سىنايدىغان مەيدان ھازىرلىدى، ھەر يەيشەنبە كۈنى كوھمارىم بىلەن سەھۋالىمغا نەچچە مىڭلىغان كىشى سەيلى - ساياھەتكە كېلەتتى، بۇ سەيلىگاھتا جانبازلىق، قىزىقچىلىق، ئەلنەغمە، لەپپەك، چاقپەلەك ئويۇنى قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى بىر بوشلۇق بولۇپ كەلگەنىدى.

دار ئورنىتىلىشى بىلەن تەڭ بالا دارۋازلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى باشلاندى، باللار ئارقا - ئارقىدىن كۆپ قېتىم دارغا چىققان بولسىمۇ، دارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتەلمىدى. باللار ھەر قېتىم دارغا چىققاندا، پولات ئارغامچا ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ، تەۋرىنىش دەرىجىسى بىر مېتىردىن ئېشىپ كەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا بەدەننىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى كونترول قىلىش ھەقىقەتەنمۇ تەس بولۇپ، خەۋپ - خەتەر كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى زور ئىدى. مىجىت ئاخۇن پەرزەنتلىرى بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، پولات ئارغامچىنى يەنىمۇ چىڭ تارتىش، يان سىم ئارقىلىق تەۋرىنىشنى ئازايتىش، دارنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنى °20تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك چارىسىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە دار تېخنىكىسىنىڭ دارۋازلىق پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ داۋلىنى يەنىمۇ

چۈشىنىپ يەتتى، دارۋازلىقنىڭ ئۆزىگە خاس تېخنىكىلىق قائىدىلىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەن مىجىت ئاخۇن پەرزەنتلىرى بىلەن كۆنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەپ، بەش كۈندەك ۋاقىت ئىچىدە دارنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە پىششىق قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، بىر پەيشەنبە كۈنى كوھارىمغا كەلگەن 5000دىن ئارتۇق تاماشىبىن بالا دارۋازلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا قاراپ يول ئالدى. دەسلەپتە مەتتۇرسۇن دارغا چىقىپ تەمتىرىمەي مېڭىپ كەتتى، ئۇ دارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئوگدىسىغا يېتىپ، تەگشەكنى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈپ ئىككى پۇتىغا قويدى. ئۆمرىدە بۇنداق ئاجايىپ ماھارەتنى كۆرۈپ باقمىغان تاماشىبىنلار قىيقاس - چۇقان سېلىشىپ تاغ قاپتىلىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى، مەتتۇرسۇن يەنە داردا بىر پۇتلاپ تىك تۇرۇپ، تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇ ئۇزۇنلۇقى 140.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 59.8 مېتىر كېلىدىغان بۇ داردىن بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئارقىدىنلا مەتتوختى دارغا چىقىپ، لەرزان قەدەم بىلەن دارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ، دارنىڭ كېيىنكى قىسمىدىن كەينىچە مېڭىپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاينۇر دارغا چىقىپ، دارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە پىرقىراشقا باشلىدى، بۇنى كۆرگەن تاماشىبىنلار جان - پىنى چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى پەللىگە كەلگەندە، بەزى تاماشىبىنلار ئۇنى بويۇنلىرىغا ئېلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ ھەر پەيشەنبە كۈنى كوھارىمدا دارۋازلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلاندى، بالىلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تاماشىبىنلارمۇ ئۇزلۇكسىز كۆپەيدى.

2001- يىلى 7- ئاينىڭ 15- كۈنى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكى تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەركىبىدە لايقا يېزىسىغا كەلگەندە، باشقىلاردىن ئۈچ نەپەر بالا دارۋازنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال مېجىت ئاخۇننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بالىلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرگەندىن كېيىن تەسىرلەنگەن ھالدا: «بۇ بالىلارنىڭ دارۋازلىق ماھارەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى، پسىخىك ساپاسى دارۋازلىققا ماس كېلىدىكەن، بالىلار تېخىمۇ ئىزچىل تەگشەك كۆتۈرسۇن، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم بېرىمەن ھەم قوللايمەن» دېدى. ئادىل ھوشۇر يەنە دارۋازلىقتا بىلىشى كېرەك بولغان تېگىشلىك ساۋاتلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە مەشھۇر دارۋازلاردىن بولۇپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇردى.

بۇ بالىلارنىڭ كوھمارىمدا دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى، بۇ جەرياندا يېزغىرىم ئىسسىق كۈنلەردە بولسۇن ياكى بورانلىق كۈنلەردە بولسۇن، دارۋازلىق پائالىيىتىنى توختىتىپ قويماي، ھەقسىز ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيغۇر دارۋازلىقىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى نامايان قىلىپ كەلدى.

2003- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى مەن كوھمارىمغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرگەندە، ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەتتۇرسۇن ئۇزۇنلۇقى 140.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 59.8 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدا باشچىلاپ تىك تۇرۇش، پۇتىنى دارغا ئىلىندۇرۇپ ساڭگىلاش، تەگشەكنى باش ئۈستىدىن كەينىگە ئېلىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ سەككىز خىل ماھارەتنى ئورۇنداپ داردىن توختىماي توققۇز قېتىم ئۆتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى داردا ماڭغان ئومۇمىي

مۇساپىسى 1264 مېتىرغا يەتتى. مەتتوختى دار ئۈستىدە باشچىلاپ تىك تۇرۇش، ئوگدىسىغا يېتىش، موللاق ئېتىش ...قاتارلىق ئون خىلغا يېقىن ئۆزگىچە ماھارەتنى ئورۇنداپ داردىن 11 قېتىم مېڭىپ ئۆتتى. بېسىپ ئۆتكەن ئومۇمىي مۇساپىسى بىر مىڭ 440 مېتىردىن ئاشتى. ئاينۇر دار ئۈستىدە پىرقىراش، زوڭ ئولتۇرۇش، ئوڭ ياكى سول پۇتىدا تىك تۇرۇش قاتارلىق سەككىز خىلغا يېقىن ماھارەتنى ئورۇنداپ، داردىن يەتتە قېتىم مېڭىپ ئۆتتى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ئومۇمىي مۇساپە 983 مېتىردىن ئاشتى. مىجىت ئاخۇن مۇنداق دېدى: «ئوغلۇم مەتتوختىنىڭ ماھارەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر، ئېگىزلىكى 500~600 مېتىر كېلىدىغان داردا بىر نەچچە ماھارەتنى ئورۇنداپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ بولالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ مېنىڭ ھەرگىزمۇ پو ئاتقىنىم ئەمەس. مەتتۇرسۇن ۋە ئاينۇرنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مەتتوختىنىڭ سەۋىيىسىدىن قېلىشمايدۇ. سىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن بىر دېھقان، شۇ تاپتا بۇ باللىرىم قورۇق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ داردا مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دارۋازلىق ئويۇننى ھەقسىز قويۇپ كېلىۋاتىمىز. ئىقتىسادىي ئەھۋالىم يار بەرگەن بولسا، مەن باللىرىمنى تېخىمۇ ئۇزۇن ھەم ئېگىز داردا ماڭغۇزۇپ دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزگە، شىنجاڭغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن بولاتتىم. مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، مەبلەغ سېلىشىنى، يېتەكلىشىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

## كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئاكا ـ ئۇكىلار

لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا قارقىي كەنتىدىكى دېھقان سېلىم ھەسەننىڭ قاھار، ئەخمەتجان، مەتتوختى قاتارلىق ئۈچ ئوغلى

1999- يىلىدىن ئېتىبارەن دادىسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا دارۋازلىقنى ئۆگىنىپ، ئۆزگىچە ماھارەتلەر بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

قاھار سېلىم بۇ يىل 12 ياشتا بولۇپ، ئۇ 1999- يىلى يەتتە يېشىدىن باشلاپ ھويلىسىدىكى ئىككى سۇپا ئارىسىغا بادرا ئورنىتىپ مېڭىشنى مەشىق قىلغان. كېيىن باغ ئىچىگە ئېگىزلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا تارتىپ، پولات ئارغامچا ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىش، تەگشەكسىز مېڭىش، كۆزنى تېڭىپ مېڭىش، بىر پۇتلاپ مېڭىش، ئوڭدىسىغا يېتىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگەنگەن. ماھارەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دارنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى ۋە يانتۇلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، دار ئۈستىدە ۋېلىسىپىت ھەيدەش، مۇللاق ئېتىش ۋە ھەرخىل سېرك ماھارەتلىرىنى ئورۇندىغان.

2002- يىلى 5- ئايدا سېلىم ھەسەن ئائىلىسىنىڭ نامرات بولۇشىغا قارىماي، بىر بۆلۈك چارۋا-ماللىرىنى سېتىش ۋە باشقىلاردىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن توپلىغان 700 يۈەننى سەرپ قىلىپ، ئۆيى ئەتراپىدىكى بوش يەرگە ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدىغان پولات قۇرۇلمىلىق دار ئورنىتىپ، كىرەكلىك ئەسلىھەلەرنى سەپلەپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەندىن كېيىن، قاھارنىڭ ماھارەت سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

قاھار مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى، ئائىلىدە ياخشى بالا ئىدى. بوش ۋاقىت تاپسىلا چوڭ ئاكىسى مەتتوختى، كىچىك

كۆزىنى تېڭىپ مېڭىش، تەڭشەكسىز يالاڭ ئاياغ مېڭىش، ئۆزىنى ئارغامچىغا تاشلاپ كىشىلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلىش، بىر - بىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، خەۋپ-



5.7- رەسىم. ئاكا-ئۇكىلار دار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسەتمەكتە

خەتىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان ماھارەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەشىق قىلغان.

قاھارنىڭ كىچىك ئاكىسى ئەخمەتجان بۇ يىل 18 ياشتا بولۇپ، ئۇ دېھقانچىلىقتىن قول ئۈزۈپ دارۋازلىقنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىغان. ئۇ ئىنىسى قاھارنىڭ ماھارەتلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇدا توختىماي تىرىشىش ئارقىلىق ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئىنىسى قاھارنى كۆتۈرۈپ مېڭىش، ۋېلسىپىتنى تەڭشەكسىز ھەيدەش، ئاكا - ئۇكا ۋېلسىپىتتا تەڭ مېڭىش، ئىنىسىنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ ئۈستىدىن موللاق ئاتقۇزۇش،

تەگشەك تۇتقان هالدا ئىنىسىنىڭ پۇتىنى چات ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ غالتەك يورغىلىتىپ ماڭغۇزۇش قاتارلىق يېڭى ۋە ئۆزگىچە ماھارەتلەرنى ئىجاد قىلىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

مەتتوختى سېلىم بۇ يىل 23 ياشتا بولۇپ، ئىككى ئىنىسىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى يېقىندىن قوللاش بىلەن بىرگە 2000- يىلدىن باشلاپ دارۋازلىققا ئىشتىياق باغلاپ، پولات ئارغامچىدا تەگشەكسىز هالەتتە ئىككى ئىنىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش، ئىككى ئىنىسىنى تەگشەك تۇتقان هالدا ئىككى چاقلىق ۋېلىسىپىتقا ئولتۇرغۇزۇپ هەيدەش قاتارلىق قىيىن ماھارەتلەرنى ئورۇندىيالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئاكا - ئۇكا دارۋازلارنىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا تارقىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدە كۆپ قېتىم ھەقسىز ماھارەت كۆرسىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە مەدىتىگە ئېرىشتى.

2003- يىلى 10- ئايدا ئۇلارنىڭ دارۋازلىق ماھارىتى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

2003- يىلى 11- ئايدا قاھار، ئەخمەتجان ۋە مەتتوختىلار ئۆز- ئارا مۇسابىقىلىشىپ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100مېتىر، يانتۇلۇقى °15 كېلىدىغان داردا ھەر بىرى 10 قېتىمدىن ئالدى- كەينىگە مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى سىناپ كۆردى. بۇ ئاكا - ئۇكا دارۋازلار مۇنداق دېيىشتى: «ئەگەر بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمىز يار بەرگەن بولسا، ئېگىزلىكى 50~100

مېتىـــر، ئۇزۇنلـــۇقى 500~1000 مېتىـــر، يانتۇلـــۇقى °20~°30 كېلىـدىغان دار ئـورنىتىپ مېڭىپ، كېيىنچـە دۇنيـا جىنىـس رېكورتى يارىتاتتۇق. بىزنىڭ هازىرقى پولات دارىمىز هەم پەس هـــەم قىســـقا، ئـــۇ بىزنىـــڭ كۆڭۈلدىكىـــدەك ماهـــارەت كۆرسىتىشىمىزگە ماس كەلمەيۋاتىدۇ.»

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان دارۋاز ۋارىسلىرى پەقەت يۇقىرىقى بىر نەچچە كىشىلا ئەمەس. ئۇلار پەقەت دارۋاز ۋارىسلىرىنىڭ بىر قىسمى، خالاس. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىـڭ كېرىيـە، لـوپ، پـەيزىۋات، يوپـۇرغا، مارالبېشـى،



6-7- رەسىم. ئاكا-ئۇكىلار دار ئۈستىدە ماهارەت كۆرسەتمەكتە

يېڭىسـار، يەكـەن، ئۈرۈمچى قاتـارلىق شـەهەر-ناهىيىلىرىـدە بىـز تونۇشـتۇرۇپ ئۆتكـەن دارۋاز ۋارىسـلىرى بىلـەن يـاش پـەرقى، ماهارەت سەۋىيىسى جەهەتتە ئاساسىي جەهەتتىن ئوخشىشىپ

كېتىدىغان ياكى شۇ خىل سەۋىيىگە يېقىنلاشقان بىر تۈركۈم ۋارىسلار كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقماقتا.

پەلەك شاھى ئادىل ھۇشۇرنىڭ يېگىسار دارۋاز مەكتىپىنى قۇرۇشى، دارۋاز ۋارىسلىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشىگە موھتاج. ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى يېڭى ئەسىردە تېخىمۇ شانلىق نۇسرەت قازانغۇسى.

# سەككىزىنچى باب

# ساياھەتچىلىكتىكى جەلپكار نۇقتا —— دارۋازلىق

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ساياھەتچىلىك كەسپى-
نىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقى
12 مۇقامغا ئوخشاش تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەنئەنىۋىلىكى،
سېرىك ۋە سەنئەت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، شۇنداقلا
دۇنيادا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى
بىلەن دۆلىتىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرگە نىسبەتەن
يېگىچە بىر جەلپكار نۇقتا بولۇپ قالدى. دارۋازلىق ئارقىلىق
ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق
دارۋازلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭىچە
ئىستراتېگىيىلىك نىشان تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىپ، بۇ
ئىككى كەسپنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، بىر ـ بىرىنى
ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك ياخشى ئايلىنىش
ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى ساياھەت نۇقتىلىرى تەشۋىق
قىلىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى يۇقىرى
كۆتۈرۈشتە دارۋازلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى خېلى بالدۇرلا تونۇپ
يەتكەچكە، ۋەزىيەتنى تولۇق مۆلچەرلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،

دارۋازلىققا قارىتا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئۇزلۇكسىز زورايتىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ساياھىتى بارا - بارا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەدرىجىي جانلىنىشقا باشلىدى. ساياھەتچىلىكنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ساياھەت مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ساياھەتچىلىكنىڭ مەدەنىيەت خاراكتېرىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. زامانىۋى ساياھەت ئەمەلىيەتتە بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. ساياھەت مەدەنىيىتى بىر رايوننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. بىر دۆلەت ۋە بىر رايوننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئاساسى كەمچىل بولىدىكەن، ئۇ ئۆزكۈچىنى يوقىتىپ، جەلپكارلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ساياھەتچىلىكى راۋاجلانغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسى ساياھەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئۇيغۇر دارۋازلىقىمۇ ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن دۆلىتىمىز، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى كىشىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇن ساياھەت رايونلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەشرەپ، دارۋازلىق، قىز قوۋۇار ئويۇنى، شۇنىڭدەك قاناس كۆلىنى مەركەز قىلغان ئېكولوگىيىلىك

ساياھەت رايونى، بوغدا ۋە باغراش كۆلى ۋەكىللىكىدىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەت رايونى، ئىلىنى مەركەز قىلغان تەبىئىي مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن دارۋازلىق شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساياھىتىدە يەنىلا بىر چوڭ بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب، دارۋازلىقنىڭ ساياھەتچىلىككە ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تونۇپ يېتەلمەسلىكتە. ساياھەت تارماقلىرى دارۋازلىقنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور پايدىسىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەچكە، دارۋازلىقتا مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ، دارۋازلارمۇ نەپ ئالىدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىدىغان ياخشى ئايلىنىش ۋەزىيىتى تېخىچە شەكىللەنمىدى.

2001- يىلى 6- ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك دارۋاز بايرىمىنىڭ بىر كۈنلۈك سودا كىرىمى 36 مىڭ يۈەندىن ئاشقان.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك نۇرغۇن ساياھەتچى قەشقەرنىڭ نامىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قەشقەرنى بىلىشى ھېيتگاھ بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن. 2002- يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلقئارا يىپەك يولى ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ساياھىتى لىنىيىسىنى بويلاپ قەشقەرگە كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر 6- ئاينىڭ 30- كۈنى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 2- نۆۋەتلىك دارۋازلىق بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ كامالەتكە يەتكەن دارۋازلىق ماھارىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇر ئوغلانىنىڭ مۆجىزىلىك ماھارەتلىرىگە بەكمۇ ھەيران قالدى ھەمدە كارامەتكە باي بۇ ماكان— ئەزىزانە قەشقەرنى تېخىمۇ

چوڭقۇر چۈشەندى. «ئىچىۋېتىش، بىرلىشىش، تەرەققىي قىلىش» نى ئاساسىي تىما، دارۋازلىقنى ۋاستە قىلغان قىلغان 2-نۆۋەتلىك دارۋازلىق بايرىمى «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت ــ قەشقەر»نىڭ مەنزىرىسىنى، تارىخىنى، يىپەكچى قىياپىتىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىپ، قەشقەرگە مەبلەغ جەلپ قىلىپ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

2002- يىلى ئۈچ ياشلىق بالا دارۋاز ئابلىزجان ئۇرۇمچىدىكى قىزىلتاغ باغچىسىدا ئويۇن كۆرسەتكەندە، بۇ يەرگە كىرگەن سایاھەتچىلەر ئەسلىدىكىدىن 45% ئەتراپىدا كۆپىيىپ كىرىم بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. خوتەندىكى كوھمارىمدا دارۋازلىق پائالىيىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، سەيلى - سایاھەتچىلەر ئەسلىدىكىدىن 20% ئەتراپىدا كۆپەيدى.

تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2002- يىلى ئادىل ھوشۇرنىڭ بوشلۇقتا 25 كۈن ياشاش پائالىيىتى مەزگىلىدە، يىگگۇغا ئادىلنىڭ ماھارىتىنى كۆرگىلى كەلگەن ئادەم سانى 20 مىڭ ئادەم قېتىم ئەتراپىدا بولغان. 1- ماي كۈنىلا جىڭخەي كۆلى 12 مىڭ ئادەمنى كۈتۈۋالغان. ئىقتىسادىي كىرىم بولسا 300 مىڭ يۈەن بولغان. بۇ قېتىملىق پائالىيەت مەزگىلىدە يىڭگۇ كۈتۈۋالغان سایاھەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم قېتىم بولغان . ئىشىكتىن كىرىش بېلىتى كىرىملا 17 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئومۇمىي كىرىم 65 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يەرلىك باج كىرىمىنىڭ ئۆزىلا 3 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولغان، بۇ ئالدىنقى يىلىدىكى ئۈچ قېتىملىق سایاھەت ئالتۇن ھەپتىسىدىن كىرگەن ئومۇمىي باج كىرىمىنىڭ سوممىسىغا توغرا كېلىدۇ.

پىگگوڭدىكى غەلىبىسىدىن كېيىن ئادىلنى ئويۇن كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىش يەرلىك ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى بولۇپ قالغان. شەندۈڭ، چىڭداۋ، جېجياڭ... قاتارلىق جايلار ئارقا-ئارقىدىن ئادىلنى ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. خۇبېي ئەنچاڭ ناھىيىسىنىڭ ياڭزې دەرياسى بويىدا ئادىل ئويۇن قويغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر ھەسسىلەپ كۆپەيگەن، ئاشخانىلارنىڭ سودىسىمۇ ئاۋاتلاشقان. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 50 مىڭدىن كۆپرەك ساياھەتچى بۇ يەرگە كېلىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلغان، ئەتراپتىكى دېھقانلارمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقىتلىق ھاجەتخانىدىن 12 نى قۇرۇپ، ھەر بىر ئادەمدىن بەش مودىن پۇل ئالغان بولۇپ، ھەر كۈنى ھاجەتخانىغا كىرگەنلەرنىڭ سانى 300 ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. ھەر بىر ھاجەتخانىنىڭ تۆت كۈنلۈك ئومۇمىي كىرىمى 600 يۈەن ئەتراپىدا بولغان. بىر دېھقان ئادىلنىڭ بوشلۇقتا ئويۇن قويىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 70 تىن ئارتۇق ئورۇندۇقنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى باشلانغاندا، چوڭ ئورۇندۇقنى بەش يۈەنگە، كىچىك ئورۇندۇقنى ئۈچ يۈەنگە ئىجارىگە بېرىپ، 1000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان. بۇ مەزگىلدە يەنە ئىچكىرىگە ئوقەت قىلىشقا بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇر باللىرى ئادىل ھوشۇر دارۋازلىق قىلغان مەيدانغا كېلىپ، تاماشىبىنلارغا دۇربۇن ساتقان، بەزىلىرىنىڭ دۇربۇن سېتىشتىن قىلغان كىرىمى نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ جەلپكار نۇقتا كىشىلەرنىڭ دېگەندەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى. ساياھەتچىلىك جەھەتتە نوقۇل مەشرەپكىلا

ئېسىلىۋالماستىن، دارۋازىلىق قاتارلىق باشقا تۈرلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بىز ھەممىمىز دارۋازىلىقتىن پەخىرلىنىمىز. ئەمما، ئارىمىزدا دارۋازىلىققا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار، مەبلەغ سالىدىغانلار يەنىلا ئاز. ئىشىنىمىزكى، دارۋازىلىقنىڭ خەلقئاراغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، دارۋازىلىقنىڭ ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985- يىلى 9- ئاي، 1- نەشرى.
2. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-، 2-، 3- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى 8- ئاي، 1- نەشرى.
3. «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 2- توم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998- يىلى 1- ئاي، 1- نەشرى.
4. «قۇرامشاھ ۋە دارۋاز»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2002- يىللىق 2- سان.
5. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى 4- ئاي، 1- نەشرى.
6. باتۇر روزى: «پىلسىراتتىن ئۆتكەنلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى 10- ئاي، 1- نەشرى.
7. سەيپىدىن سەئىدى: «تەگرىتاغ ئوغلى — ئادىل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1997- يىلى 8- ئاي، 1- نەشرى.
8. ئىسمائىل تۆمۈر: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى 12- ئاي، 1- نەشرى.
9. «بوشلۇقتىكى 22 كۈن»، جىنخۇا نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2002- يىلى 5- ئاي، 1- نەشرى.
10. «پەلەك قەھرىمانى — ئادىل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2002- يىلى 9- ئاي، 1- نەشرى.

11. «ئادىل — ئىككى يېرىم ياشلىق دارۋاز»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، 2003- يىلى 8- ئاينىڭ 16- كۈنىدىكى سانى.

12. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2003- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى سانى.

13. ھاجى نۇر ھاجى: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995- يىلى 11- ئاي، 1- نەشرى.

14. «شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرى»، 25- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى 12- ئاي، 1- نەشرى.

# تۇران سودا چەكلىك شىركىتى نەشرگە ئۇيۇشتۇرغان كىتابلار

## ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاشنىڭ 58 خىل ئاددىي ئۇسۇلى، 92 خىل ئاددىي دورا نۇسخىسى، 80 خىل مۇرەككەپ دورا نۇسخىسى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى

بۇ كىتاب پەرزەنتلەرنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىگە دائىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا كارل ۋىتېرنىڭ ئوغلى كىچىك كارلنى ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ 14 ياشقىچە بولغان تەربىيىلەش جەريانى ۋە ئۇسۇلى بايان قىلىنىدۇ.

## چىرايلىق ئىملا مەشقى

بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنى، ئىككىنچى قىسمىدا بوغۇم ۋە سۆزلەرنى، ئۈچىنچى قىسمىدا تاللانغان تېكىستلەرنى ئىزلاپ يېزىش ئارقىلىق تېز ساۋات چىقىرىش ۋە خەتنى چىرايلىق، ئۆلچەملىك يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ياخشى قوللانما.

## مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز

بۇ كىتابقا ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟»، «مائاشلىقلار قانداق ياشاۋاتىدۇ؟»، «ئىلىم كۆكىدىكى گىگانت چولپان»، «مەۋجۇتلۇق نېمىلەرگە باغلىق؟»، «بىلىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق يېڭى ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

## مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى

ئامېرىكىلىق سىياسىيون سەيمىل خانتىڭتوننىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يېزىپ چىققان كىتابى بولۇپ، دۇنيا سىياسىيسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن رايونىمىزدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قوزغىدى.

## تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن ئومۇمىي تەكرار

بۇ كىتابچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن تىل-ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، سىياسەت قاتارلىق پەنلەرنى ھەم ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلىك ماقالىلەر، خەنزۇچە ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلىك ماقالىلەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابچىلارنى ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئۇستازلار ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقتى. مەزمۇنى ئىخچام، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس مەزمۇنىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ.

**ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0903-2024884**

**تۇران لايىھىلەش مەركىزى تېلېفون نومۇرى: 0991-8562081**

URL: http//www.buyukturan.com, E-mail: info@buyukturan.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: زۇلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: تۇران لايىھىلەش مەركىزى

# ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى

ئاپتورى: مەتسەئىدى مەتقاسىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ تۇران سودا چەكلىك شىركىتى لايىھىلەش مەركىزىدە بەت ياسالدى
ئۈرۈمچى رېنشىياڭ مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى
2004- يىلى 4- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 7-228-08703-8
باھاسى: 10.00 يۈەن

ئىككى پارچە شېئىرى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1989 - يىلى 9 - ئايدىن هازىرغىچە كېرىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 4000 پارچىغا يېقىن تېلېۋىزىيە خەۋىرى، 67 مەخسۇس فىلىم، 14 تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ئىشلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە مەخسۇس فىلىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتىغا، 26 پارچە خەۋەر ۋە مەخسۇس فىلىمى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئالاھىدە ۋە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ هازىر كېرىيە ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىرلىق ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

تۇران لايىھىلەش مەركىزى :

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: تۇران



ISBN 7-228-08703-8

ISBN 7-228-08703-8

(民文)　定价:10.00 元